تۇرسۇن زۇمۇدۇن

# تاڭ خەۋەرچىسى



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

تۇرسۇن زۇمۇدۇن

# تاڭ خەۋەرچىسى

(ھېكايىلار)



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

报晓者:维吾尔文/图尔孙.祖木东著.—喀什:喀什维吾尔文出版社,1998.8

ISBN7—5373—0659—1

Ⅰ.报… Ⅱ.图… Ⅲ.短篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.Ⅰ247.7

中国版本图书馆CIP数据核字(98)第20307号

**喀什维吾尔文出版社出版**

(喀什市塔吾古孜路14号 邮政编码:844000)

**新疆新华书店发行**

**喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷**

787×1092毫米 32开本 4.25印张 2插页

1998年8月第1版 1998年8月第1次印刷

印数:1——5080 定价:6.00元



# نەشرىياتتىن

تۇرسۇن زۇمۇدۇن 1963 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى باي ناھىيىسىنىڭ بۇلۇڭ يېزىسى ئاقدۆڭ كەنتىدە مەرىپەتپەرۋەر سازەندە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1985 ـ يىل 7 ـ ئايدا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىنگە تەقسىم قىلىنغان، ھازىر شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ.

يازغۇچى تۇرسۇن زۇمۇدۇن «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1985 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «تاك خەۋەرچىسى» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەندىن بۇيان ھەر خىل ژانىرلاردا ئەسەر يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى گېزىت ـ ژۇرناللاردا خېلى كۆپ ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدۇرغان. 1996 ـ يىلى ئۇ باشقا بىرەيلەن بىلەن بىرلىشىپ تۈزگەن «باشلانغۇچ مەكتەپ

تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇش مېتودىكىسىدىن سوئال ـ جاۋابلار » ناملىق ئىلمىي كىتاب قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

قولىڭىزدىكى توپلامغا ئاپتورنىڭ بالىلار ۋە چوڭلار تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بىر تۈركۈم ھېكايىلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

# مۇندەرىجە


تاڭ خەۋەرچىسى ........................ 1
دادام مېنى ئۇرمىدى ........................ 4
كىچىكلىكىمدە ........................ 11
خەتەرلىك يولدا ماڭمايمەن ........................ 15
ئۆزگىرىش ........................ 19
ئانا، ئوغۇز سۇتلۇكنى بەر ........................ 28
يول ........................ 36
چۈشىنىش ........................ 48
ئۇنى سۆيىمەن ........................ 55
ئۇنىڭ يۇرتى ........................ 65
بەش پۇڭ ........................ 66
خەت ........................ 72
تىرىكتاپىنىڭ قاپقىنى ........................ 79
« ساراڭ » نىڭ كۇلكىسى ........................ 93
ئاھ، زېمىن ........................ 111
مېنىڭ بەختىم نەدە ........................ 122

# تاڭ خەۋەرچىسى

مېنىڭ بىر خورىزىم بار ئىدى، ئۇنىڭغا بەك ئامراق ئىدىم. ئۇنىڭ تۈرقى ناھايىتى چىرايلىق، ئۇنى ئاجايىپ زىل ۋە ياڭراق بولۇپ، ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ، ئۇزاققىچە سوزۇپ - سوزۇپ چىللايتتى. مەن ئۇنىڭ چىللاشلىرىنى ئاڭلاپ ھەممىدىن بۇرۇن ئويغىنىپ كېتەتتىم - دە، ئىشىك ئالدىدىكى ئېرىقتا ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇدا يۈز - كۆزلىرىمنى يۇيغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دان يېيىشىگە، بولۇپمۇ ئەتىگەنكى قۇياش نۇرىدا پارقىراپ ئاجايىپ چىرايلىق بولۇپ كەتكەن قانات - پەيلىرىگە زوق بىلەن قاراپ، بىر ھازاغىچە ئولتۇرۇپ كەتكىنىمنى سەزمەي قالاتتىم. ئاندىن ئانامنىڭ چاقىرىشى بىلەن ئېسىمنى يىغىپ، چېيىمنى ئىچىپلا مەكتەپكە كېتەتتىم...

مېنىڭ ھەر كۈنى قاق سەھەردە ئويغىنىپ كېتىشىمدىن دادام خاپا بولاتتى، ئاچچىقلاپ كايىپ كېتەتتى. بىر قېتىم ئانام توسۇۋالمىغان بولسا ئۇراتتى تېخى... دادامنىڭ بۇنداق قوپاللىقىدىن ئەجەبلىنەتتىم. «ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇش

ياخشى ئەمەسمۇ ؟ — دەيتتىم ئىچىمدە ، — دادام نېمىشقا مەندىن خاپا بولىدىكىنە ؟ ... »

كېيىن ، ئانامدىن بۇ ئىشنى سوراپ بىلدىم . مېنىڭ سەھەردە ئويغىنىپ كېتىشىم دادامنىڭ تاتلىق ئۇيقۇسىنى بۇزۇۋېتىپ ، كۆپرەك ئۇخلىۋېلىشىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويىدىكەن . بىراق ، مەندە نېمە ئامال ؟ « سۈت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىدۇ » دېگەندەك ، بۇ ئادىتىمنى قانداقمۇ تاشلىيالاي ؟

شۇنداق بولسىمۇ ، دادامنىڭ ئاچچىقىدىن بىر ئاز قورقۇپ قالدىم . سەھەردە ئورنۇمدىن تۇرۇشۇم دادامغا يامان كۆرۈنگەن بولسا ، بۇنىڭدىن كېيىن ۋاقچە تۇراي ، خورازنىڭ چىللىغىنىنى ئاڭلىماي دەپ ، نەچچە قېتىم ئاخشاملىرى ياتقان چېغىمدا ، بېشىمنى يوتقانغا چۈمكەپ ئۇخلىغان بولساممۇ ، بىراق ، خورازنىڭ چىللىشى بىلەن تەڭ يەنە بەربىر ئويغىنىپ كېتەتتىم ... دادامدىن قورقۇپ ، بالدۇر ئورنۇمدىن تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماي ، كۆزۈمنى ھەرقانچە چىڭ يۇمساممۇ ، ھېچ ئۇيقۇ كەلمەيتتى . بۇنىڭ بىلەن ئىچىم تىتىلداپ ، كارىۋات ئۈستىدە ئۇياندىن - بۇيانغا ئۆرىلەتتىم . بېشىمنى كۆتۈرۈپ ، ياندىكى ئۆيگە قۇلاق سالسام ، دادامنىڭ « خارت - خۇرت » قىلغان خورەك ئاۋازى ئاڭلىناتتى .

« تۇۋا ، ماۋۇ دادامنى ، چوڭلار دېگەن بالدۇرراق قوپىدىغان ، دادام نېمىشقا ... ھەي ، يېرىم كېچىگىچە سىرتلاردا يۈرگۈچە بالدۇرراق يېتىپ ، سەھەررەك قوپۇپ ، ئىدارىسىغا بارسا بولمامدىكىنا ؟ يا مېنى قوپقىنى قويمايدۇ

یاکی ئۆزی ... » دەیتتىم ئاچچىقىم كېلىپ .

* *

بۈگۈن ئەتىگەن ئانامنىڭ چاقىرىشىدىن چۆچۈپ ئويغاندىم . قارىسام ، كۈن نەيزە بويى ئۆرلەپ ، ئۆي ئىچى يورۇپ كېتىپتۇ . بۈگۈن ئۆيدىكى ھەممىمىز تاڭ ئاتقانلىقىنى تۇيماي ، قاتتىق ئۇخلاپ قاپتۇق . ھەممىدىن مېنىڭ مەكتەپكە كېچىكىپ قالغىنىم چاتاق بولدى !

ھەي ، بۈنىڭغا دادام سەۋەبچى . چۈنكى دادام ئۆزىگە ئوخشاش ھاراقكەش ئاغىنىلىرىنى مېھمان قىلىمەن دەپ ، ئاخشام خورىزىمىزنى ئۆلتۈرۈۋەتمىگەن بولسا ، بۈگۈن كېچىكىپ قالمىغان بولاتتىم ...

ھەي ، ئىست ! ھەر كۈنى سەھەردە مېنى ئويغىتىدىغان ئەقىللىق ، چىرايلىق خورىزىم !

1984 ـ يىل

# دادام مېنى ئۇرمىدى

ھېلىمۇ ئېسىمدە، مەن تېخى ئوقۇش يېشىمغا ئەمدىلا توشقان ۋاقىت ئىدى، بىر قانچە تەڭتۇش ئاداشلىرىم بىلەن كۆن بويى ئەسكى تام تۆشۈكلىرىدىن قۇشقاچ باللىرىنى تۇتۇپ، بۇنىڭدىن زېرىكسەك مەھەللىمىزنى كېسىپ ئۆتكەن توغرا ئۆستەڭگە سۇغا چۈشۈپ ئويناپتتۇق ...

بىر كۈنى ھەممە ئاداشلىرىم بىلەن سۇدىن چىقىپ، ئۆستەڭ بويىدىكى قۇملاقتا يالىڭاچ ھالدا ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتاتتۇق، تۇيۇقسىز يېنىمىزغا بىر ئايال پەيدا بولۇپ قالدى.

— مەن سىلەرنى مايمۇنمىكىن دەپتىمەن، — دېدى ھېلىقى ئايال بىزنىڭ ئارىمىزغا كېلىپ ئولتۇرۇپ.

بىز ھەممىمىز تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتۇق. ئۇ ئايالمۇ بىزگە قوشۇلۇپ كۈلۈۋەتتى.

— قېنى، سۇ ئۈزۈش ماھىرلىرى، — دېدى ھېلىقى ئايال بىزگە قاراپ، — قايسىڭلار ئۇستا، ماڭا بىر ماھارەت كۆرسىتىپ بەرمەمسىلە؟

— مەن ئۇستا، مەن ئۇستا ...

ھەممىمىز شۇنداق دەپ، ئارقا - ئارقىدىن ئۆزىمىزنى ئۆستەڭگە ئاتتۇق. مەن بۇ ناتونۇش ئايالغا ئۆزۈمنى بىر كۆرستىپ قويۇش ئۈچۈن، نەچچە كۈندىن بېرى ھېچقايسىمىز بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىغان شاقىراتمىنىڭ ئاغزىغا بارماقچى بولدۇم. ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتىن چۈشكەن بۇ شاقىراتما، بىر چەمبىرەك شەكىللىك قاينام ھاسىل قىلىپ، ئاندىن ئۆز يولىغا راۋان بولاتتى. سۇنىڭ ئايلانما يۆنىلىشى بويىچە پاقچىلاپ ئۈزۈپ شاقىراتما ئاغزىغا ئاسانلا يېتىپ باردىم. قاينام مېنى چاقپىلەكتەك ئايلاندۇرۇپ كېلىپ سۇ ئاستىغا باستى. مەن دەرھال كەينىمگە ياندىم - دە، قايتىپ چىقىپ كەتمەكچى بولدۇم. بىراق شۇنچە تىرىشساممۇ بۇ چەمبىرەك ئىچىدىن زادىلا چىقىپ كېتەلمىدىم. سۇ مېنى كۆپۈكتەك ئايلاندۇرۇپ يەنە قاينام ئاغزىغا ئەكېلىپ قوياتتى. ئەگەر پۇت - قوللۇمنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرمىسام مېنى بۇ قاينام بىراقلا يۇتۇۋېتىشى كۆز بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدىكى ئىش ئىدى.

— غەيرەت، قايتىپ چىق! — ئاداشلىرىمنىڭ ئاۋازى قۇلىقىمغا ئاندا - ساندا كىرىپ تۇراتتى. مەن بالايى - قازادىن تېزراق قۇتۇلۇش ئۈچۈن داۋاملىق ھەرىكەت قىلىۋاتاتتىم. شۇنچە قىلساممۇ ئامال بولمىدى. مېنىڭ ئەجىلىم توشقان ئوخشايدۇ، پۇتۇمنى بىرسى تارتىۋاتقاندەك سۇغا چۆكۈپ كېتىۋاتاتتىم. بىر چۆمۈلۈشىم بىلەن قورسىقىم سۇغا لىق تولدى. «مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار!» دەپ توۋلىغۇدەك مادارىممۇ قالمىغان



ئىدى . ئەمدى چۆمۈلۈپ كەتسەم سۇ ئۈستىگە ــــ يورۇقلۇققا مەڭگۈ چىقالماسلىقىم مۇمكىن . پۈتۈنلەي تۈگەشتىم ، دېگەن قورقۇنچلۇق خىياللار كاللامدىن « لىپ » قىلىپ ئۆتۈپ ، يەنە سۇغا چۆكۈپ كەتتىم ...

كۆزۈمنى ئاچسام ھېلىقى ئايال كىيىملىرى ھۆل ھالدا مېنىڭ بېشىمنى تۆۋەن قىلىپ ئۆستەڭ بويىدىكى قۇمغا ياتقۇزۇپ قورسىقىمنى مۇجۇۋاتقان ئىكەن . ئاداشلىرىم بولسا مېنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپتۇ .

ــــ ئەمدى ئۆرنىڭىزدىن تۇرۇڭ ، ــــ ھېلىقى ئايال مېنى يۆلەپ تۇرغۇزدى .

مەن يورۇق دۇنياغا قايتىدىن كۆز ئاچتىم .

ــــ ئىسمىڭىز نېمە ؟ ــــ سورىدى ھېلىقى ئايال .

ــــ غەيرەت .

ــــ ياخشى ئىسىمكەن . لېكىن قارامىلىق قىلسىڭىز غەيرەت قىلالمايسىز .

ئاداشلىرىمنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى . ھېلىقى ئايال بولسا كۆتۈرۈپ كەلگەن سومكىنى قۇمنىڭ ئۈستىدىن ئالدى ـ دە ، ئۇنىڭدىن قەغەز ، قەلەم ئېلىپ ھەممىمىزنىڭ ئىسمىنى دادىمىزنىڭ ئىسمى بىلەن قوشۇپ يېزىۋالدى . ئاندىن بىزگە قاراپ :

ــــ خەتەرلىك يەردە ئوينىماڭلار ، بۇنىڭدىن كېيىن بىز دائىم بىللە بولىمىز . خەير ـ خوش ، كىچىك دوستلار ، ــــ دېگىنىچە كېتىپ قالدى .

ھەممىمىز ھېلىقى ئايالنىڭ كەينىدىن ھەيران بولغان ھالدا قارىشىپ قالدۇق . راستىنى ئېيتسام ،

ئانىسىدىن ئايرىلغان قۇش بالىلىرى ئانىسى ئارقىسىدىن شۇمشىيىپ قاراپ قالغىنىدەك مەنمۇ ھېلىقى ئايالنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدىم.

بىر كۈنى ئاداشلىرىم بىلەن بولغان ئويۇنۇمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، بىر قانچە قۇشقاچ بالىلىرىنى دوپپامغا سولاپ، يۈگۈرگەن پېتى ئۆيگە كىردىم ــ دە، دادام بىلەن ھېلىقى ئايالنى كۆرۈپ جايىمدا تۇرۇپلا قالدىم.

ـــ كېلىنىڭ غەيرەت، ماڭا ئالما ئەكەلدىڭىزمۇ؟ ـــ دېدى ھېلىقى ئايال ئىللىقلىقنا.

ئاستا كەينىمگە ياندىم ــ دە، لام ــ جىم دېمەستىن ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم. «چېقىمچى قېرى، ـــ دېدىم ئىچىمدە ھېلىقى ئايالغا غەزىپىم كېلىپ، ـــ دادامنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەرمىسەمغۇ بولغان! ئەمدى دادامدىن قاتتىق تاياق يەيدىغان بولدۇم.»

دادام مېنىڭ سۇغا چۈشۈپ ئوينىغانلىقىمنى ئاڭلىسا بەكمۇ خاپا بولاتتى. بولۇپمۇ كېچىسى ئۇيقۇچىلىقتا جۆيلۈپ كۆرپەمگە سىيىپ قويسامچۇ تېخى؛ ئەگەر مېنىڭ ئۆلۈم ئاغزىدىن قايتقانلىقىمنى ئاڭلىسا، گەپ ئاڭلىمىدىڭ، دەپ بىرەر يېرىمنى چېقىۋېتىشتىن يانمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم.

كەچ كىردى، ئۆيگە كىرمەي ئامالىم قانچە؟ بېشىمنى تۆۋەن سالغان ھالدا ئىشىكنى پەم بىلەن ئېچىپ ئۆيگە كىردىم.

ـــ نەگە باردىڭ، بالام، ـــ دېدى دادام كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، ـــ تېز تامىقىڭنى يە، سوۋۇپ

قالدى .

كىم بىلىدۇ ، بەلكىم دادامنىڭ بۇ كۆلۈمسىرىشى ئاستىغا پۈتمەس - تۈگىمەس غەزەپ - نەپرەت يوشۇرۇنغان بولۇشى مۇمكىن . قورسىقىم خېلى ئاچقان بولسىمۇ گېلىمدىن زادىلا تاماق ئۆتمەيۋاتاتتى .

— تامىقىڭنى ئىچىۋالغىن ، ساڭا گېپىم بار ، — دېدى دادام يەنە .

دادامنىڭ بۇ سۆزى ماڭا قاتتىق تەھدىت سالغاندەك تۇيۇلدى . ھەرقانچە قىلسامۇ تاياقتىن قۇتۇلۇشۇم مۇمكىن ئەمەس ، بۈگۈن يا پۈتۈمدىن ، يا قولۇمدىن ئايرىلىشىم ئېنىق . شۇنداق بولسىمۇ بۇ قۇتۇلغۇسىز جازانى سەل كېچىكتۈرۈش ئۈچۈن تاماقنى تېخىمۇ ئاستا يېيىشكە باشلىدىم .

— بالام ، مىجەزىڭ يوقمۇ ؟ — دېدى ئانام يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ، — نېمىشقا تاماق يېمەيسەن ؟

ئانامنىڭ بۇ سۆزى قورقۇپ تېز - تېز سوقۇۋاتقان يۈرىكىمنى سەلپەل ئاستىلاتقان ئىدى . دادام مېھرىبانلىق بىلەن بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ دېدى :

— بالام ، بۈگۈندىن كېيىن سەن مەكتەپكە بارىسەن .

— مەكتەپ ! — قورقۇنچتىن پوكۇلداۋاتقان يۈرىكىم بىردىنلا ھاياجان تەسىرىدە گۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى .

دادام مېنى ئۇرمىدى ، ئەكسىچە ئەتىسى بازارغا ئاپىرىپ ، يېڭى كىيىم - كېچەك ۋە دەپتەر - قەلەم ئېلىپ

بەردى. ئانام بولسا شۇ كۈنىلا چىرايلىق بىر پوپكا تىكىپ ئۈلگۈرتكەن ئىدى. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ھېلىقى ئايال يەنە ئۆيىمىزگە كەلدى.

— بۇ سېنىڭ مۇئەللىمىڭ، — دېدى دادام ئۇنى كۆرسىتىپ، — گېپىنى ئوبدان ئاڭلا.

— مۇئەللىم!

مەن ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم بۇ ئۇلۇغ ئىسىمنى ئاڭلاش بىلەن تەڭ ئۇ ئايالنىڭ قۇچىقىغا ئۆزۈمنى ئاتتىم.

1985 ـ يىل ئاۋغۇست



# كىچىككىنىمدە

باش باھار. باھارنىڭ ئىللىق ھاۋاسىدىن قانماي نەپەس ئېلىپ ئولتۇراتتىم. تۇيۇقسىز ئەمدىلا تىرىلگەن نىمجان بىر چىۋىن قونغىلى يەر تاپالمىغاندەك، بۇرنۇمنىڭ ئۇچىغا قوندى. مەن ئۇنى يەم بىلەن ئۇرۇپ، دەسسەپ ئۆلتۈرۈۋەتتىم.

شۇنداق، چىۋىننى ھېچ كىشى ياخشى كۆرمەيدۇ. لېكىن مەن بەش ـ ئالتە ياش ۋاقتىمدا دائىم چىۋىن قوغلاپ، چىۋىن تۇتۇپ ئوينايتتىم... شۇ ئىش زادىلا ئېسىمدىن كەتمەيدۇ:

بىر كۈنى ئانام ھاسىراپ ـ ھۆمىدەپ چوڭ ئۆيىمىزدىكى چىۋىنلەرنىڭ ھەممىسىنى قوغلاپ چىقاردى ـ دە، ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى مەھكەم تاقىدى. ئاندىن ماڭا:

— بالام! ھازىر مەھەللىدىكى باللاردا ئىچ ئۆتكۈ كېسىلى كۆپىيىپ قاپتۇ. سەن بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز چىۋىن تۇتۇپ ئوينىغۇچى بولما! — دەپ تاپىلىدى ـ دە،



ئەمدىلا ئۇخلىغان ئۇكامغا يېنىدىن نېرى كەتمەي قاراپ ئولتۇرۇشۇمنى تاپىلاپ، تاماق ئېتىشكە چىقىپ كەتتى.

مەن ئۇكامنىڭ يېنىدا قوزغالماي ئولتۇراتتىم. ھىم يېپىلغان دېرىزىگە كۆزۈم چۈشۈپ ئۆي ئىچى دىمىق بىلىندى. مەن ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، بىر ئورۇندۇقنى دېرىزە تەكچىسى تۈۋىگە قويۇپ، دېرىزىنىڭ بىر قانىتىنى ئېچىۋەتتىم. دېرىزە ئېچىلىش بىلەن بىرقانچە چىۋىن ئۆيگە ئۇچۇپ كىردى. مەن ھەممىنى ئۇنتۇدۇم - دە، ھېلىقى چىۋىنلەرنى تۇتماقچى بولۇپ قوغلىدىم. لېكىن چىۋىن ئاز بولغاچقا، ئۇلارنى زادىلا تۇتالمىدىم. شۇڭا دېرىزىنى تېخىمۇ چوڭ ئېچىۋەتتىم. دېرىزىدىن كىرگەن چىۋىنلەر بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى. شۇنداق قىلىپ ئۆينىڭ ئىچىنى چىۋىن قاپلىدى. ئەمدى مەن ئۇلاردىن زېرىكىشكە باشلىدىم.

قىزىق ئىش، چىۋىن ئۇكامغا بەك ئامراق ئىدى. ئۇلار شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان ئۇكامنىڭ ئاغزى - بۇرنىغا خۇددى دادامنىڭ ساقال - بۇرۇتىدەك قاپقارا بولۇپ توپلىشىۋالدى. مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسنى تۇتۇپ، ھېلىقى دائىم چىۋىن سولاپ ئوينايدىغان قېپىمغا سولىۋالغۇم كەلدى. بىراق، ئۇكامنىڭ ئويغىنىپ كېتىپ ماڭا ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇ چىۋىنلەرگە تەگمىدىم. شۇ ئەسنادا ئانام ئۆيگە «ئاللا - تووۋا» دېگىنىچە كىرىپ، ئۇكامنىڭ ئېغىز - بۇرنىغا قونۇۋالغان چىۋىنلەرنى قورۇۋەتتى. ئاندىن مېنى «دېرىزىنى نېمىشقا ئېچىۋەتتىڭ» دەپ دۈشكەلىدى.

ئارىدىن بىر كۈن ئۆتۈپلا ئۇكام تۇيۇقسىز كېسەل بولۇپ قالدى. ئانام دەرھال ئۇكامنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ ماڭدى.

ئەتىسى چۈشتىن كېيىنلا مەنمۇ قۇسۇشقا باشلىدىم، ئارقىدىنلا ئىچىم سۈرۈپ كېتىپ، دوختۇرغا كىرىپ ئۇكامنىڭ يېنىدا ياتتىم. ئانام تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى. داداممۇ ئىشىنى قويۇپ يېنىمىزدا پايپېتەك بولدى.

دوختۇرلارنىڭ جىددىي داۋالىشى بىلەن ئۇكام ئىككىمىز سەككىز كۈندە ئاران ساقايدۇق. ئانام شۇ چاغدا ماڭا قايتا ـ قايتا تاپىلاپ:

ــ مانا مۇشۇ تارتقۇلۇقنىڭ ھەممىسى چۈشىن دېگەن مەرەزنىڭ كاساپىتىدىن كەلگەن. بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز چۈشىن ئوينىما... راست، شۇنى ساڭا دەپ قوياي: بىر چۈشىن ئادەمنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيدىغان مىڭلىغان تىرىك مىكروبلارنى ئېلىپ يۈرىدۇ، ئۇ مىكروبلار قولۇڭغا قونىدىغان بولسا، ناھايىتى ئاسانلا ئىچىڭگە كىرىپ كېتىدۇ. بۇنداق مىكروبلاردىن ساقلىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى تەرەتتىن كېيىن، تاماقتىن بۇرۇن قولنى پاكىز يۇيۇش كېرەك! سەن بۇ ئىشنى ئېسىڭدە ئوبدان تۇت، ــ دېدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ مەن چۈشىن ئوينىمايدىغان، ئۇنى كۆرسەم شاپالداق بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدىغان بولدۇم؛ چۈشىننىڭ كېسەل تارقاتقۇچى مەخلۇق ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي چۈشەندىم...

1985 ـ يىل

# خەتەرلىك يولدا ماڭمايمەن

ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدا چوڭ بىر تاشيول بولغاچقا ئانام مەندىن بەكمۇ ئەنسىرەيتتى. دېمىسىمۇ ماشىنا ـ تراكتورلار كۆپ ئۆتۈشۈپ تۇرغاچقىمىكىن، قورقۇنچلۇق ئىشلار پات ـ پاتلا يۈز بېرەتتى. مەن مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن ئانام مەندىن تېخىمۇ ئەنسىرەشكە باشلىدى. چۈنكى مەكتەپكە ئەنە شۇ يولنى بويلاپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى.

— بالام، — دەيتتى ئانام مېھرىبانلىق بىلەن بېشىمنى سىيلاپ تۇرۇپ، — چوڭ يولدا ماڭما، بىز ماڭغان يولدا ماڭ!

ھەر كۈنى سەھەردە پوپكامنى ئېلىپ ئىشىكتىن چىقسام، ئانامۇ ئارقامدىن بىللە چىقاتتى ـ دە، قايسى يول بىلەن ماڭغانلىقىمنى كۆزىتىپ تۇراتتى. مەن ئانامنىڭ قارىسى يۈتكىچە چوڭ يولغا ياندىش بولغان چىغىر يولدا ماڭاتتىم. ئانام ئۆيگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىنلا چوڭ يولغا چىقىۋالاتتىم. ئاپتوموبىللار مېنى كۆرۈپ «تېت! تېت! تېت...» قىلىپ سىگنال بېرىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. مەن تاقلاپ يۈگۈرگىنىمچە ئۇلارغا قول ئىشارىتى قىلىپ قويۇپ، مەكتىپىمگە راۋان بولاتتىم. بەزىدە قۇيۇندەك

كېتىۋاتقان ئاپتوموبىللار مېنى ئۇستىگە چىقارماقچى بولغىنىدەك، ئۇتتۇرۇمغا كېلىپ ئاستىلايتتى. بىراق، شوپۇر تاغاملار ھوميىسىپ قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتەتتى. مەن ئۇلارنىڭ يۇمىلاق نۆل رەقىمىگە ئوخشايدىغان رولنى مەھكەم تۇتۇپ، تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىغا زوقلىنىپ قاراپ كېتەتتىم. مەكتەپتە نۆلدىن ئۆلگىدەك قورقساممۇ، بىراق شوپۇر تاغاملاردەك «نۆل» نى كۆكرىكىمگە تەگلەپ ماشىنا ھەيدەشنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتىم. ئەگەر شوپۇر بولسام، ئاداشلىرىمنى ماشىنامغا چىقىرىپ، مەكتەپكىچە ئاپىرىپ قويغان بولاتتىم... مەن ئەنە شۇنداق شېرىن خىياللار بىلەن مەكتەپكە بىردەمدىلا كېلىپ قالاتتىم. شۇڭلاشقا مەن چوڭ يول بىلەن مېڭىشقا ئامراق ئىدىم.

بىراق مۇئەللىملىرىمىزمۇ ئانام بىلەن دېيىشىۋالغاندەك مەكتەپتىن قايتىدىغان ۋاقتىمىزدا چوڭ يول بىلەن ماڭماسلىقنى تاپىلايتتى...

بىر كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ كېتىۋېتىپ، ساۋاقدىشىم ئامانگۈل بىلەن كېپىنەك قوغلاپ چوڭ يول ئۈستىگە چىقتۇق. قىزىق ئىش، بىر جۈپ كېپىنەك ئىرماش - چىرماش بولۇشۇپ يولنىڭ قىرغىقىنى بويلاپ ئۇچۇۋەردى. بىزنىڭ قولىمىز ئۇلارغا ئاندا - ساندا تېگىپ قالاتتى. بىردىنلا بىر جۈپ كېپىنەك ئايرىلدى. بىرسى، يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە قاراپ ئۇچتى، يەنە بىرسى، جۈپتىنى تاپالماي ئارقىغا ياندى. مەن دەرھال ئارقامغا بۇرۇلۇپ ھېلىقى كېپىنەكنى قوغلاپ تۇتماقچىبولدۇم. دەل شۇ چاغدا



« ۋايـجـان ! » دېـگـەن ئاۋاز بـىـلـەن ئاپتوموبىلنىڭ قاتتىق تـورمـۇز ئاۋازى مـېـنـى چۆچـۈتىۋەتتى . بۇرۇلۇپ قارىسام ئومـاق سـاۋاقـدىـشـىـم ئامـانـگـۈل ئاپـتـوموبىلنىڭ ئاستىدا يېتىپتۇ ...

سـاۋاقدىشىم ئامانگۈلنى دوختۇرلار جىددىي داۋالاپ قـۇتـۇلـدۇرۇۋالـدى . لـېـكـىـن ئۇ بـىـر پۇتىدىن ئايرىلدى . شـۇنـىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆزى مەكتەپكە بارالمايدىغان بولۇپ قالدى .

بىر كۈنى ئانام ماڭا :

— بـالام ، ئەمـدى مـەن سـاڭـا ئوشـۇق گـەپ قىلمايمەن ، هاياتلىق يولۇڭنى ئۆزۈڭ تاللىۋال ! — دېدى .

ئانامنىڭ بۇ سۆزىدىن مەندىن قاتتىق رەنجىگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى .

مـەن سـاۋاقـدىـشـىـم ئامـانـگـۈلگە ئوخشاش مېيىپ بـولۇپ ، ئۆز ئەركىنلىكىمدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ ، هەرگـىـزمـۇ خـەتـەرلىك يولدا ماڭمايدىغان ، دائىم دادام ۋە ئانام ماڭدىغان يولدا ماڭىدىغان بولدۇم .

1986 - يىل ئىيۇن



# ئۆزگىرىش

روشەنگۈل كىيسەلخانىدا يېتىپ قالغاندىن بۇيان ئۇنى يوقلاپ بارالمىغان ئىدىم. بۈگۈن ۋاقىت چىقىرىپ، ئالاھىدە ئۇنى يوقلاپ كەلدىم. ئۇنىڭ ياتىقىغا كىرگىنىمدە، ئۇ قولىدا قەلەم تۇتقان ھالدا ئۇخلاۋاتاتتى. مەن ئېھتىيات بىلەن پۈتۈمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، ئۇنىڭ كارىۋىتى يېنىدىكى بوش كارىۋاتتا ئولتۇردۇم. قولۇمدىكى سومكىنى ئۇنىڭ كارىۋىتىغا مەنسۇپ بولغان كىچىك شىرە ئۈستىگە قويماق بولغىنىمدا، شىرە ئۈستىدىكى بىر پارچە خەتكە كۆزۈم چۈشتى. سومكىنى قويۇپ خەتنى قولۇمغا ئالدىم ـ دە، ئوقۇماستىنلا يەم بىلەن روشەنگۈلنىڭ ياستۇقى يېنىغا قويدۇم. ئەگەر كىشىنىڭ خېتىنى بىسوراق ئوقۇش ئېغىر جىنايەت ھېسبلانمىسا، مەن ئۇ خەتنى ئوقۇپ كۆرگەن بولاتتىم. بىراق خەتنىڭ بېشىدىكى «قەدىرلىك ساۋاقداشلار، مېنى كەچۈرۈڭلار!» دېگەن جۈملىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. دەرھال خەتنى قولۇمغا ئالدىم. چۈنكى مەنمۇ روشەنگۈلنىڭ ساۋاقدىشى ـ دە. خەتنى ئىچىمدە ئوقۇشقا باشلىدىم:

«... قەدىرلىك ساۋاقداشلار، مەن سىلەرنىڭ ۋە

خەلقىنىڭ ئالدىدا ئەيىبكارمەن. سىلەر مېنىڭدەك ئۆز خەلقىنى سۆيمەيدىغان، ئۆز ۋەتىنى ئۈچۈن كۆيمىگەن ساۋاقداشلارغا چەكسىز نەپرەت ياغدۇرىدىغانسىلەر. مەن سىلەرنى چۈشەنمەپتىمەن. قەلبىڭلارنى ئازغىنا كەم بەش يىل بىرگە ئوقۇش جەريانىدا بىلمەپتىمەن. پەقەت كېسەل بولۇپ، دوختۇرخانىغا كەلگەندىن كېيىن سىلەرنى ھەقىقىي چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. شۇنى ئېنىق بىلدىمكى، سىلەرنىڭ قەلبىڭلار خەلقىنىڭ قەلبى، ۋەتەنىنىڭ كەلگۈسى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان ئىكەن.

قەدىرلىك ساۋاقداشلار، بىز ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرىمىز. ئاز ۋاقىتتىن كېيىن بېلىق سۇغا تەشنا بولغاندەك بىلىمگە تەشنا بولۇپ تۇرغان كۆپلىگەن كىشىلەرگە بىلىم بېرىمىز. ئەمەلىيەت شۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇكى، ھازىر كۆپلىگەن كىشىلىرىمىز باشقىلار كەشىپ قىلغان نەرسىلەرنى توغرا ئىشلىتەلمەي ئۆزىنى زەخىملەندۈرۈۋاتىدۇ. بەزى كىشىلىرىمىز بىر ئائىلىدە تۇرۇپ جودالىشىپ، بىر - بىرىنى مەڭگۈ قۇتۇلغۇسىز روھىي ئازابقا گىرىپتار قىلىۋاتىدۇ. يەنە بەزى كىشىلىرىمىز باركى، ئۇلار سوقۇر ئۈچەي كېسىلىنى « پىر » ئوينىتىپ ساقايتماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۇ بەكمۇ نادانلىق، بەكمۇ بىلىمسىزلىك! بۇلار مېنىڭ دوختۇرخانىغا كەلگەندىن بۇيان ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنلىرىم.

قەدىرلىك ساۋاقداشلار. بىز تەربىيىلىگەن كىشىلەر بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقسۇن. ئۇلار باشقىلارنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ بىزدىكى نادانلىقنى تۈگەتسۇن.



ساۋاقداشلار ھەممىمىز لۇشۇننىڭ « دۇنيادا ئەزەلدىن يول يوق ئىدى، پەقەت كىشىلەر ماڭغاندىن كېيىن يول پەيدا بولغان » دېگەن سۆزىنى ئوبدان بىلىمىز . بىز زىيالىيلار خەلققە يول باشلاپ تۇنجى ئاياغ ئىزىمىزنى قاقاس چۆللەرگە بېسىپ خەلق ئۈچۈن يول ئېچىشىمىز، خەلقىمىزنى بۈيۈك ئارزۇ - ئارمانىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن زور ھەسسە قوشۇشىمىز لازىم ... »

مەن خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، روشەنگۈلنىڭ يازغانلىقىغا ئىشەنمىگەندەك ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قارىدىم . ئۇ قاپقۇچى ئېتىلمىگەن قەلەمنى تۇتقان ھالدا ئۇخلاۋاتاتتى . مەن خەتنى قايتا ئوقۇپ چىقتىم . بۇ راستتىنلا روشەنگۈل ئۆز قولى بىلەن يازغان خەت ئىدى . مەن ئەمدى ئۇماق بالىدەك شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان روشەنگۈلگە باشتىن - ئاياغ نەزەر سالدىم .

ئۇنىڭ قىياقتەك قېشى ئاستىدىكى خەنجەردەك كىرپىكلىرى ئۆزئارا جىپسىلەشكەن بولۇپ، خۇددى دۈشمەن كۆكسىگە بەتلەپ قويغان ئوقياغا ئوخشايتتى . ئاناردەك ئىككى مەڭزى ئوتتۇرىسىدىكى، ئېقىپ چۈشكەندەك قاڭشىرى ئۇنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ تۇرسا، ئويماقتەك ئاغزى — ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان غۇنچىنى ئەسلىتەتتى . ئۈستىگە كىيىۋالغان كالتا يەڭ يۆگىمەچ گۈللۈك كۇلۇچ كۆڭلىكى قاملاشقان زىلۋا بەدىنىگە ئاجايىپ ماس كەلگەن بولۇپ، بەل پويىزىسى ئۇنىڭ بېلىنى چىڭسەي بىغىدەك قوروپ تۇرسا، يۇمران كۆكسى ھەر بىر ئالغان نەپەسلىرىدىن بىر كۆتۈرۈلۈپ -

بىر پەسىيسپ تۇراتتى .

دېمىسىمۇ روشەنگۇل مەكتەپ بويىچە دېگۈدەك گۈزەل قىز ئىدى . شۇڭا ئۇنى كۆرگەنلا كىشىلەر « پەرى » دەپ بىكار تەرىپلىمەيتتى . لېكىن ئۇ سىنىپىمىزدىكى ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايتتى ... تۇيۇقسىز چىققان ئاۋازدىن چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈردۈم . مەن ئاللىبۇرۇن خىيال دېڭىزىغا غەرق بولغان ئىكەنمەن . سىنچىلاپ قارىسام روشەنگۇل يەنىلا ئۇخلاۋېتىپتۇ ، ئۇنىڭ قولىدىكى قەلەم يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ . مەن قەلەمنى ئالدىم - دە ، يەنە كۆزۈم بىر نۇقتىغا تىكىلدى .

... روشەنگۇل سىنىپىمىزدىكى يېزىلىق ساۋاقداشلارنى بەكمۇ ھاقارەتلەيتتى . « خۇدانىڭ قارغىشىنى ئالغانلار ، قالاقلار ، مەدەنىيەتسىز ، تومپايلار ... » دېگەندەك بىمەنە سۆزلەرنى ئۇچۇقتىن - ئوچۇق دەۋرەتتى . ئەگەر بىرەر ئەزاسى مېيىپ كىشىلەرنى كۆرسىچۇ تېخى ، ئۇلارنى دوراپ سىنىپ ئىچىنى بېشىغا كىيەتتى . باشقىلار ئۇنىڭغا « ئۆز خەلقىڭ ، ئۆز مىللىتىڭ ، ئۇنى مەسخىرە قىلما » دېسە ، « ئۆزۈم بولسام بولدى ! » دەپ جاۋاب بېرەتتى . ئۇ يەكشەنبە كۈنى بەزى كەچلىك مۇزاكىرىلەردە ، كوچىدىكى تىلەمچىلەرنىڭ نومۇسسىز ئىكەنلىكىنى ئەيىبلەپ ، ئۇلارنى تاماشا قىلغانلىقىنى ، ھەتتا قول سوزۇپ كەلسە يۈزىگە تۈكۈرۈۋەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرەتتى . بىرسى ئۇنىڭغا :

— روشەنگۇل ، تۇرمۇش يولى ئۇلارنى شۇنداق نومۇسسىز قىلىپ قويغان ، — دېيىدى ، ئۇ .

— ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشمۇ بىر يول ! — دېدى .

سىنىپىمىزدا بەزى ھاللاردا ۋەتەن ، مىللەت ، دىن توغرۇلۇق مۇنازىرىلەر بولسا ، روشەنگۈل ئۇنىڭغا قاتنىشىش تۈگۈل ، ساۋاقداشلارنى « ئېلىشىپ قالغانلار » دەيتتى . ئۇنىڭ كۆككە كۆتۈرۈپ ماختايدىغىنى : ئۆزىنىڭ بايرام ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرى قاتناشقان ئولتۇرۇش ، تانسا - ئويۇنلىرى ئىدى . ئوقۇتقۇچىمىز قايتا - قايتا تەربىيە بەرمىگەن بولسا ، سىناق ، ئىمتىھانلاردىن ئۆتەلمەي سىنىپ قالغانمۇ بولاتتى . لېكىن ئۇ دەرسنى ياخشى ئۆگەندى . ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە ئازقالغاندا قىرىشقاندەك سوقۇر ئۈچەي كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ئوپېراتسىيە قىلىنىپ كېسەلخانىدا يېتىپ قالدى . ھازىر ئۇ كىم ئۈچۈن ، نېمە ئۈچۈن ئۆگىنىدىغانلىقىنى بىلگەن ۋە چۈشەنگەن بولسا كېرەك ، بۇنى ئۇنىڭغا كىم چۈشەندۈرگەندۇ ؟ ئۇنىڭ ئىدىيىسىگە نېمە تەسىر قىلغاندۇ ؟ ئۇ راستتىنلا ئۆزگەرگەنمىدۇ ! خەتنى ئۆزى يازغانمىدۇ ياكى ...

— كۆرەش ، ياخشىمۇسىز ؟ — تۇيۇقسىز چىققان بۇ ئاۋازدىن خىيال كەپتىرىم قونداققا قونۇپ ، ئېسىمنى يىغدىم .

— ئويغىتىۋەتسىڭىز بولمامدۇ ، — دېدى روشەنگۈل خىجىل بولغاندەك ، — كەچۈرۈڭ ، ساقلىتىپ قويۇپتىمەن .

— كېرەك يوق ، — دېدىم مەن جاۋابەن .

ئۇ قولۇمدىكى خەتنى كۆرۈپ قالغان بولسا كېرەك ، كارىۋاتتىن چۈشۈپلا ئۇن چىقارماستىن جىم بولۇپ قالدى .

— روشەنگۈل ، — دېدىممەن مۇلايىملىقبىلەن، — بۇ خەتنى سىز يازدىڭىزمۇ ؟

— شۇنداق ، — دېدى ئۇ تازا بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋالغاندىن كېيىن باش لىڭشىتىپ .

ئۇ ماڭا بىر ئىستىكان چاي قۇيۇپ تۇتقاندىن كېيىن ، كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى . ئاندىن ئازغىنا جىم تۇرۇۋېلىپ مۇنۇلارنى دېدى :

— مەن ئوپېراتسىيە قىلىنغاندىن كېيىنكى مەلۇم بىر كۈنى ئۇستازىمىز جۇرئەت مۇئەللىم مېنى يوقلاپ چىققان ئىدى . دەل شۇ كۈنى مۇشۇ ياتاققا بىر كېسەل قىز ئېلىپ كېلىندى . ئۇ قىزنىڭ چىرايى ساماندەك سارغايغان بولۇپ ، ئەتراپىدا ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن باشقا بىر نەچچە ساۋاقداشلىرىمۇ تۇراتتى . جۇرئەت مۇئەللىم سېستىرالارغا ھەمكارلىشىپ ئۇ قىزنى كارىۋاتقا ئورۇنلاشتۇردى ۋە دەرھال قىزنىڭ ئانىسىدىن كېسەل تارىخىنى سورىدى . قىزنىڭ ئانىسى ياشانغان ئايال بولۇپ ، شۇ ھامان بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى . مۇئەللىم تەسەللى بەرگەندىن كېيىن ، ئۇ ھەممىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى . ئەسلى ئىش مۇنداق بولغان ئىكەن : ئۇ قىز مەلۇم بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ ، دەرس ئاڭلاۋېتىپ تۇيۇقسىز قورسىقى ئاغرىپ كېتىپتۇ . ئامال قىلالمىغاندىن كېيىن ئوقۇتقۇچىغا مەلۇم قىپتۇ . ئوقۇتقۇچى ئۇنى بىر قانچە ساۋاقداشلىرى بىلەن دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەپتۇ . تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ، قىز ئاستا خاراكتېرلىك سوقۇر ئۈچەي كېسىلى بولۇپ چىقىپتۇ . بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان

قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى دەرھال يېتىپ كېلىپ ، ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىشتە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ . دوختۇرلار ئامالسىز قالغاندىن كېيىن ئۇلارغا قايتا ـ قايتا تاپىلاپ ، قىزنىڭ كېسىلى قوزغالغان ھامان دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىش لازىملىقىنى ئېيتىپتۇ . ئۇلار قىزنى ئۆيىگە ئاپارغاندىن كېيىن ، ھەر خىل كونىچە ئۇسۇلدا داۋالاپتۇ . قىزنىڭ كېسىلى قوزغالغاندا باخشىلارنى يىغىپ « پىر » ئوينىتىپتۇ . ئاخىر قىز سەكراتتا چۈشكەندە بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىشىپتۇ. ..

روشەنگۈلنىڭ گېلىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بولدى ـ دە ، سۆزىنى داۋاملاشتۇرالمىدى .

— كېيىن قانداق بولدى ؟ ئۇ قىز ساقايدىمۇ؟ — دەپ سورىدىم ئالدىراپ .

— قانداق بولاتتى ، ئوپېراتسىيە قىلىش ۋاقتى ئاللا بۇرۇن ئۆتۈپ كەتكەن تۇرسا ، دوختۇرلارغىمۇ نېمە ئامال دەيسىز ؟

ئۇنىڭ شەھلا كۆزلىرىدىن مۇنچاقتەك ياشلار تېمىشقا باشلىدى . ئۇ يەنە يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ :

— ئۇ بىچارە قىز بۇدۇنيا بىلەن خوشلاشتى ، — دېدى .

مەن خۇددى ئۆز سىڭلىمدىن ئايرىلىپ قالغاندەك يۈرىكىم « قارت » قىلدى ـ دە ، پۈتۈن بەدەنلىرىم مۇزلاپ كېتىۋاتقاندەك جالاقلاپ تىترەشكە باشلىدى . زەھەر يۇتقاندەك بولۇپ كۆز چاناقلىرىمدىن ئىختىيارسىز ياشلار

تۆكۈلدى. «ئاھ، بىچارە قىز، — دېدىم ئۆز - ئۆزۈمگە سۆزلىگەندەك، — سېنىڭ نۇرغۇنلىغان ئارزۇ - ئۈمىدلىرىڭ بولغىيدى، لېكىن سەن نادانلىقنىڭ قۇربانى بولدۇڭ!»

روشەنگۈل سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— دەل شۇ پەيتتە جۇرئەت مۇئەللىم مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ، ئۆز ھېسسىياتىنى باسالماستىن ماڭا قىممەتلىك تەربىيىلەرنى بەردى. ئۇستازىم جۇرئەت مۇئەللىمنىڭ ئەنە شۇچاغدىكى سۆزىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن. مۇئەللىمنىڭ ئەنە شۇ سۆزلىرى مېنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتتى، كۆزۈمنى ئاچتى، ئىدىيەمگە چوڭقۇر تەسىر قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈمنىڭ كىملىكىمنى تونۇپلا قالماي، بىز زىيالىيلارنىڭ خىزمەت نىشانىمىزنىمۇ ئېنىق چۈشەندىم. مەن تېخىچە ئۆزۈمدە بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا خاس ئىدىيىنىڭ شەكىللىنىپ بولالمىغانلىقىغا بەكمۇ ئېچىنىمەن، بۇرۇنقى ئىشلىرىمغا بەكمۇ پۇشايمان قىلىمەن. مەن ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، چوقۇم مۇئەللىم ئېيتقاندەك خەلقىبىلەن ئىچقويۇن - تاش قويۇن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىغا ھېسداشلىق قىلىمەن...

روشەنگۈلنىڭ ھەقىقىي ئۆزگەرگەنلىكىگە چىن دىلىمدىن قايىل بولدۇم.

1987 - يىل دېكابىر

# ئانا، ئۇغۇز سۆزۈڭنى بەر

مۇئەللىم دوسكىغا چىرايلىق قىلىپ « سادىر پالۋان قوشاقلىرى » دەپ يازدى. بۇ بىزگە ئۆتۈلمەكچى بولغان يېڭى دەرس ئىدى.

مۇئەللىم بىزگە ئالدى بىلەن سادىر پالۋان ھەققىدە ئاجايىپ قىزىقارلىق ھېكايە سۆزلەپ بەردى. مەنمۇ سادىر پالۋاندەك باتۇر بولالارمەنمۇ ؟ بىردىنلا كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ قالدى. مەندەك بىر ئورۇق، ئاجىز بالا قانداقمۇ چوڭ بولغاندا باتۇر بولالىسۇن ؟! بۇغۇ مەيلى، ھېچبولمىسا ئارامغا چىقىش قوڭغۇرىقى چېلىنمىسا بولاتتى. بۇ مېنىڭ مەكتەپكە كىرگەندىن بېرى ھەر سائەتلىك دەرستە ئويلايدىغىنىم ئىدى. ئارامغا چىقىش قوڭغۇرىقى چېلىنسا، مۇئەللىم سىنىپتىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن كەينىمىز بالىلار يېنىمغا يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ:

— قوپە ئاۋاق، مەيدانغا چىقىمىز ! — دەپ قولۇمدىن تارتىپ مېنى بوزەك قىلىشاتتى.

مەن مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن « باتۇر » دېگەن ئىسمىم « ئاۋاق » دېگەن ئىسمغا ئۆزگىرىپ كەتتى. پەقەت ئوقۇتقۇچىلارلا ئائىلەمدىكىلەردەك مېنى « باتۇرجان »

دەپ چاقىراتتى .

مېنى سىنىپتىكى باللارنىڭ ھەممىسى بوزەك قىلاتتى . بىر كۈنى سىنىپىمىزدىكى ئەڭ كىچىك قىز تاجىگۈلمۇ كۆزگە ئىلماي :

— ھەي ئاۋاق ، سەن قانچىلىك نېمىتىڭ ؟ ... — دەپ ئاچچىقىمنى كەلتۈرۈپ قويدى . شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن كۈچۈمنى يىغىپ ، سىنىپتىكى ساۋاقداشلىرىم ئالدىدا ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ، بوراندەك ئېتىلىپ بېرىپ ، تاجىگۈلنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدىم ــ دە ، ئۇنى چاقپەلەكتەك چۆرۈپ سىنىپنىڭ سىرتىغا ئېتىۋەتمەكچى بولدۇم . بىراق ئويلىمىغان يەردىن تاجىگۈل مەيدەمدىن بىرلا ئىتتىرىۋىدى ، ئوڭدامغا يىقىلىپ چۈشتۈم . ئۆرۈلۈپ قوپۇپ بولغۇچە تاجىگۈل ئۈستۈمگە مىنىۋالدى ، شۇنىڭدىن كېيىن تاجىگۈلمۇ مېنى ئېشەك ئېتىپ ئوينايدىغان بولدى . ئۇنىمىسام ئىتتىرىپ يىقىتىۋېتەتتى .

ئوقۇتقۇچىلار مېنى باللارنىڭ بوزەك قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالسا ئۇلارغا تىۋالاپ ، مېنىڭ بېشىمنى سىلاپ قوياتتى ، ئۇلار كۆرمىگەندە باللارنىڭ مېنى بوزەك قىلغىنى قىلغان ئىدى .

مېنى سىنىپتىكى ساۋاقداشلىرىملا ئەمەس ، بورانمۇ بوزەك قىلاتتى . ئادەتتە مەكتەپكە بارغۇچە ياكى قايتقۇچە بوران چىقىپ قالىدىغان بولسا ، مېنى لەگلەكتەك ئۇچۇرتۇپ نىشانغا ئىلگىرىلىگىلى قويمايتتى .



بۇگۇنمۇ نەچچە كۈندىكىگە ئوخشاش كۆزۈم ياش يۇقى ئۆيگە كىردىم. مومام ئەمدىلا ئۈچ ئايلىق بولغان سىڭلىمغا سوسكا ئارقىلىق سۈت بېرىۋاتقان ئىكەن. بىچارە موماممنىڭ مەن بىر نەرسىنى بىلگۈدەك بولغاندىن بېرى ئۆيدە كىرقات يۇيۇش، تاماق ئېتىش ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئۆتۈۋاتقانلىقى ماڭا ئايان. سىڭلىم تۇغۇلغاندىن بېرى ئۇ تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتىۋاتاتتى. دادام، ئانام بولسا ئىشتىن كېلىپ تەييار تاماقنى يەپلا ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ سىرتقا چىقىپ كېتەتتى. قانداق چاغدا قايتىپ كېلىشكەنلىكىنى تۇيماي ئۇخلاپ قالاتتىم.

— كەل بالام، نېمە ئويلاۋاتىسەن؟ — مومام قۇچىقىدىكى سىڭلىمنى ياتقۇزۇپ قويۇپ، بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ پېشانەمگە سۆيدى.

— موما، — دېدىم مەن ئەركىلەپ تۇرۇپ، — هازىرمۇ چىن تۆمۈر باتۇر، سادىر پالۋاندەك باتۇرلار بارمۇ؟

— نېمىشقا بۇنداق سوئال سورايسەن؟

— دەپ بېرىڭا، موما!؟

— يوق.

— نېمىشقا؟

— هازىرقى باللار ئانىسىنىڭ ئوغۇز سۈتىگە قانمايدۇ.

— ئوغۇز سۈت دېگەن قانداق سۈت؟

— بالا تۇغۇلۇپ بىر ئايغىچە ئانىدا ئوغۇز سۈت بولىدۇ.

— مەن ئانامنىڭ ئوغۇز سۈتىگە قانغانمۇ ؟

— بالام، بۇگۈن ساڭا نېمە بولدى ؟ نېمشقا بۇنداق سوئاللارنى سورايسەن ؟

— موما، راست گەپنى دەپ بېرىڭچۇ ؟ — مەن مومامنىڭ بويىنغا گىرە سېلىپ، قورۇق چۈشۈپ كەتكەن مەڭزىگە يىنىش - يىنىشلاپ سۆيۈپ كەتتىم.

— ۋاي ئەقىللىق بالام، كۆپ نەرسىلەرنى بىلىشنى ئويلىغان بولساڭ، مىڭ مەرتە دەپ بەرمەمدىغان، — دېدى مومام مەڭزىمگە سۆيۈپ، — سەن ئاناڭنى بىر قېتىممۇ ئەممىگەن.

— نېمشقا ؟

— سەن دوختۇرخانىدا تۇغۇلغان، تۇغۇلۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئاناڭنىڭ ئەمچىكىنى ئېمىتسەك، سەن سۈتنى شورىمىغان.

— هازىر تۇغۇلغان باللارنىڭ هەممىسى ئانىسىنى ئەممەمدۇ ؟

— ئۇنداق ئەمەس، بالام، كۆپ ساندىكى ئانىلار بالىسىنى ئېمىتىشكە كۆندۈرىدۇ، بىر قىسىم ئانىلار بالا ئېمىتسەك بالدۇر قېرىپ كېتىمىز دەپ ئويلايدىكەن، — مومام « ئۇھ » تارتىپ قويۇپ داۋاملاشتۇردى، — بولدى قىل، قوزام، مەندىن ئەمدى كەلسە - كەلمەس سوئاللارنى سوراۋەرمە !

مەن ئەمدى هەممىنى چۈشەندىم. قايسى بىر كۈنى مومام ئانامغا :

— قىزىم، بۇ ئوماق نەۋرەمنى ئامال قىلىپ

ئىمىتىسىلە بولاتتى ، — دېۋىدى ، ئانام قاپىقىنى تۈرۈپ ئاچچىقلاپ تۇرۇپ :

— مېنى تېزراق قېرىتىپ ، ئوغۇللىرىنغا قىز ئېلىپ بەرمەكچىمۇ ؟ — دەپ چالۋاقاپ كەتتى .

مومام دېمىنى ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر بولدى ، ھەتتا دادامۇ بىر نېمە دېيىشكە پېتىنالمىدى . دادام نېمىمۇ دېيەلەيتتى ؟ دادام بەستلىك ئادەم بولغىنى بىلەن ، ئانام بىرلا قاپىقىنى تۈرۈپ قويسا ، مەن سىنىپتىكى ئەڭ كەپسىز باللاردىن قورققاندەك قورقاتتى .

بۈگۈنمۇ دادام بىلەن ئانام يەنە بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئىشتىن كېلىپلا ئالدىراپ تاماقنى يېدى ـ دە ، ھاپىلا ـ شاپىلا كىيىم ئالماشتۇرۇشتى . ئانام ئوماق سىڭلىمغا قاراپمۇ قويماستىن ، ئەينەك ئالدىغا كېلىپ يۈز ـ كۆزىگە بىر نەرسىلەرنى سۈرتۈشكە باشلىدى . بۇ ، ئانامنىڭ ئادىتى ئىدى . ئۇلار مېنىڭ مەكتەپتىكى ئىشلىرىمنى ياكى تاپشۇرۇق ئىشلىگەن ـ ئىشلىمىگەنلىكىمنى سوراپ قويغان بولسا ، مەن قانچە خۇشال بولار ئىدىم ـ ھە ؟! يەنىلا سورايدىغىنى شۇ بىچارە مومام . مەن نېمىنى ئويلاپ كەتكەندىمەن ؟ بەلكىم ئانام بىلەن دادام كېچە ـ كېچىلەپ ئىشلەپ ، ئالىم بولۇش ئۈچۈن بىر نەرسە ئىجاد قىلىۋاتقاندۇ ؟ توغرا ، مەن بۈگۈن ئۇلارنىڭ ئىجاد قىلىۋاتقان نەرسىسىنى بىر كۆرۈپ باقمايمۇ !؟

مەن دادام بىلەن ئانام ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۇلارغا تۇيدۇرماي ئارقىسىدىن ماڭدىم . ئەتراپنى بىزنىڭ سىنىپتىكى دوسكىدەك قاراڭغۇلۇق قاپلىغان

بولۇپ، رەڭگارەڭ كوچا چىراغلىرى يوللارنى خىرە يورۇتۇپ تۇراتتى. مەن دادام بىلەن ئانامنىڭ قارىسىنى يىتتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، كوچىلاردىكى ھېچ نەرسىگە سەپ سالماي نۇرغۇن كوچىلارنى ئايلىنىپ، ئۇلارغا ئەگىشىپ كېتىۋاتىمەن.

ئاخىر ئۇلار ھەرخىل نۇر چېقنۋاتقان بىر زالنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. مەن زالنىڭ سىرتىدىكى بىر بۇلۇڭدا شۈمشىيىپ ئولتۇراتتىم، توساتتىن زالدىن ئەتراپنى تىترەتكۈدەك سوغۇق گۈمبۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. مەن قورقىنىمدىن «ۋايجان» دەپ توۋلىۋېتىشكە ئازلا قالدىم. ئاپلا، دادام بىلەن ئانام ئىجاد قىلغان نەرسە پارتلاپ كەتتىمۇ، نېمە؟

ئارقىدىنلا بۇ گۈمبۈرلىگەن ئاۋاز بىر ئۆرلەپ، بىر پەسىيىپ يېقىملىق مۇزىكىغا ئايلاندى. مەن ھەيران بولۇپ ئاستا زالنىڭ ئىشىكىگە يېقىنلاشتىم.

ئالا - يېشىل چىراغ نۇرىدا ئانامنى تەستە تونۇدۇم. يات بىر ئادەم ئانامنىڭ بېلىنى مەھكەم قامالاپ تانسا ئويناۋاتاتتى. ئۇلار نېمىدۇر بىر نەرسە دېيىشىپ كۈلۈشمەكتە. دادام بولسا ئوتتۇرىدىكى ئورۇندا ئانامنىڭ پەلتوسىنى يېنىغا قويۇپ تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى.

مەن ئارقامغا ياندىم، ئۇلارنىڭ يېنىغا زادىلا بارغۇم كەلمىدى. پەقەت مومامنىڭ باغرىغا ئۆزۈمنى ئېتىپ يىغلىغۇم كەلدى. بەلكىم ئۇ كام ئۆيدە مەندىنمۇ ۋىجىك تېنىنى مومامغا مەھكەم چاپلاپ يىغلاۋاتقاندۇ؟ ئۇ غۇز سۈتىنى سېغىنىپ يىغلاۋاتقاندۇ؟ ... بىراق ئانامنىڭ

پەرۋايى پەلەك ، بەلكىم ئۇكام مەندىنمۇ ئاۋاق بىر ئادەم بولۇپ قالار ...

مەن نۇرغۇن كوچىلارنى ئايلىنىپ ، ئۆزۈم كەلگەن يولنى تاپالمىدىم ، ئاخىر ئادەممۇ يوق بىر كوچىغا كىرىپ قالدىم . مومام ئېيتىپ بەرگەن چۆچەكلەردىكى ئەرۋاھتەك قاراڭغۇ كېچىدە ئۆيۈمنى تاپالماي يۈرىمەن .

بىردىنلا « بارلىق ئانىلار ، بوۋاقلىرىڭلارغا ئوغۇز سۈتلۈكلارنى بېرىڭلار ! ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىزنىڭ ‹ئېلىپبە › كىتابىمىزدىكى لېنىندەك داھىلار ، سادىر پالۋاندەك باتۇرلار چىقسۇن ! ئۇلار ئوغۇز سۈتلۈكلارغا قانسۇن ! ... » دەپ توۋلىغۇم كەلدى .

ئەتراپ قاراڭغۇ ، جىمجىت كوچا . ئاسماندىكى يۇلتۇزلارمۇ :

— توۋلا ، بارچە ئاۋازىڭ بىلەن توۋلا ، ئاشۇ ياش ئانىلار ئاڭلىسۇن ! — دېگەندەك ماڭا مەدەت بېرىپ ، ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر نۇرلىرى بىلەن قاراڭغۇ كېچە ئاسمىنىنى يورۇتۇپ تۇراتتى .

1988 - يىل يانۋار ، ئاقسۇ

# يول

« ئاتا - ئانامنىڭ ئالدىغا نېمەپ بارارمەن ؟ ئەمدى ئۇلارنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن ؟ ... » بۇ سوئاللار مېنى ئېغىر ئەندىشىگە سالماقتا ئىدى .

مېھرىبان ئاتا - ئانام مېنى 11 يىل ئوقۇتتى . مېنى دەپ تارتقان جاپالىرىمۇ ئاز ئەمەس . ئۇلار مېنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشۇمنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى . بىراق مەن ئۇلارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويدۇم . مەن ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىش ئەمەس ، « ئالدىن تەييارلىق » ئىمتىھانىدىنمۇ ئۆتەلمىدىم .

خىيال بىلەن ، ئىشىك ئالدىغا كېلىپ قالغىنىمنى تۇيماي قاپتىمەن . خىجىللىق ئىچىدە ھويلىغا ئاران كىرەلىدىم . كەچلىك تاماق ئۈچۈن سەي ئادالاۋاتقان ئانام بىلەن ئوغاق بىلەۋاتقان دادامنى كۆرۈپ بېشىم ئىختىيارسىز ساڭگىلاپ كەتتى . دادام تولىمۇ سۈرلۈك ، تەرسا مىجەز ئادەم ئىدى . ئەگەر ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگىنىمنى ئاڭلىسا ، قاتتىق خاپا بولۇپ كايىپ كېتىدىغانلىقى تۇرغان گەپ .

— ئوغلۇم ، ئۆتەلەپسەنمۇ ؟ — سورىدى ئانام تەقەززالىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ، — قايسى مەكتەپكە

بارىدىكەنسەن ؟

— نېمە دېيىش كېرەك ؟ دادام يالغان گەپ قىلغان ئادەمگە ھەممىدىن بەك ئۆچ . مەن كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا دادامغا قارىدىم . ئۇ ماڭا زور ئىشەنچ باغلىغاندەك ، ئۆز ئىشى بىلەن بەنت ئىدى .

— بالام ، نېمىشقا گەپ قىلمايسەن ! — ئانام يەنە سورىغىلى تۇردى .

مەن يالغان گەپ تاپالمىدىم . «ئۆتەلمەيتىمەن » دېگەن بۇ سۆزنى ئاران دېيەلىدىم .

— نېمە !؟

دادامنىڭ ۋارقىرىشىدىن چۆچۈپ كەتتىم . ئارىدا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى . دادام بولسا ئورغاقنى تاشلاپ ، ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازدەك تاماكىسىنى توختىماي شوراپ ئولتۇراتتى .

— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما ، بالام ، — دېدى ئانام بېشىمنى سىيلاپ تۇرۇپ ، — ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىمىزغا ياردەملىشەرسەن .

ئانامنىڭ بۇ تەسەللى سۆزلىرىدىن كۆڭلۈم بىرئاز ئەمىن تاپتى .

ھەش - پەش دېگۈچە بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى . دادام ماڭا ئۇششۇقچە گەپ - سۆز قىلمايدىغان بولۇپ قالدى . مەنمۇ دادامنىڭ قوپال ۋە تاپا - تەنە سۆزلىرىدىن ئېھتىيات قىلاتتىم .

دېھقانچىلىق بەكمۇ نازۇك ئىش ئىكەن . يەرنى ئۇسا قىلىش ، ھەيدەش ، ئوغۇت بېرىش ، ئۇرۇق چېچىش ،

ئورۇش ، يىغىش ... قاتارلىق ئىشلار تولىمۇ قىيىن ، ۋاقىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، خۇددى مەكتەپتىكى يىللىق ئىمتىھان بىلەن ئوخشىشىپ كېتەتتى . شۇڭا مەن بەزى ئىشلارنى ئانامدىن سوراپ قىلاتتىم .

بىر كۈنى دادامدىن :

— دادا ، بۇغداي ئاقىرىپ كېتىپتۇ ، سۇ قويۇۋېتەيمۇ ؟ — دەپ سورىغان ئىدىم ، شۇ ھامان دادام :

— ھەي بەغىرەز ، 11 يىل نېمە ئوقۇدۇڭ ! كىم بۇغداي پىشقاندا سۇ قويىدىكەن ! — دەپ دەككەمنى بەردى .

يەكشەنبە كۈنى ئىدى . دادام مېنى باش توخۇ چىللاش بىلەن تەڭ ئويغىتىۋەتتى . چۈنكى مەن پىلان بويىچە ، دادامغا ھەمراھ بولۇپ ، بازارغا سامساق ساتقىلى بارماقچى ئىدىم . شۇڭا ئالدىراپ كىيىملىرىمنى كىيدىم - دە ، ناشتا قىلىۋالدىم . ئاڭغىچە دادام ھارۋىنى تەييار قىلىپ بوپتۇ . بىز سامساقنى بېسىپ تېزلا بازارغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق .

« بۈگۈن قانچە پۇل خەجلەيدىغان كۈنۈم ، — دەپ ئويلايتتىم ئىچىمدە ، — سامساقنى تىكىش ، ئوتاش ، تۈۋىنى بوشىتىش ، ئوغۇت بېرىش ... بۇلارنى ئاسان دەمسىز ؟ مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يالغۇز ئۆز ئۈستۈمگە ئالدىم . بۈگۈن ئالدى بىلەن پۇلنى قولغا ئېلىپ ، قورساقنى بولدى دېگۈچە تويغۇزۇش كېرەك . ئاندىن نېمە ئالسام بولار ؟ توغرا ، بىر يۈرۈش كىيىم ، ۋېلىسىپىت ... »

— ئاتنى بۇ تەرەپكە ھەيدىگىن !

مەن دادامنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ خىيالدىن باش كۆتۈردۈم. بىز سەي بازىرىغا ئايلىنىدىغان دوقمۇشقا كېلىپ قالغان ئىدۇق. قۇياش بولسا يىراقتىكى ئورمانلار ۋە تاغلار كەينىدىن ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى.

خېرىدارلارنىڭ كۆپلىكىدىنمۇ ياكى سامساقنىڭ بېشى چوڭ، ياخشى بولغانلىقىدىنمۇ، ئىش قىلىپ بىز چۈشكە قالماي ھەممىسىنى سېتىپ بولدۇق. پۇل دادامنىڭ قولىدىكى سومكىدا بولغاچقا، سومكىغا تەلمۈرۈپ قارايتتىم. دادام سومكىدىن پۇلنى ئېلىپ ساناشقا باشلىدى. ساق 370 يۈەن بوپتۇ. خۇشاللىقىمدىن ئىختىيارسىز ھالدا:

ـــ ئىشلىسە چىشلەيدۇ دېگەن راست گەپكەن ـ ھە، دادا، ـــ دەۋەتتىم ئەركىلەپ تۇرۇپ.

دادام ھېچ نەرسە دېمىدى. پەقەت پۇلغا قاراپ پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويدى. ئاندىن قولىدىكى پۇللارنى ئىچ كۆڭلىكىنىڭ يانچۇقىغا مەھكەم سالدى. كۆڭلۈمدە «پۇلنىڭ ھەممىسىنى دادام ماڭا بېرىۋېتىدۇ» دەپ ئويلىغان ئىدىم. بىراق ئۇ ئايرىۋالغان 50 يۈەننى ماڭا تەڭلەپ:

ـــ مە، بالام، بۇنى خەجلەپ تۇر، ـــ دېدى.

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدىم.

ـــ ئال، بالام، ـــ دېدى دادام مۇلايىملىق بىلەن، بىر قولىدا ئاتنىڭ چولۋۇرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ـــ مەن ئۆيگە بېرىپ، قوناققا سۇ ئېچىپ تۇراي، ئويۇنىڭنى تۈگىتىپ بالدۇرراق پەيدا بولارسەن.

ـــ قورساق تويغۇزۇشقىمۇ يەتمەيدۇ بۇ!

مەن دادامنىڭ قولىدىن ئەللىك پۇڭنى قوپاللىق بىلەن ئالدىم. ئەگەر ئۆزۈمنى تۇتۇۋالمىغان بولسام، كۆز يېشىم يامغۇردەك قۇيۇلغان بولاتتى.

— بالام، پۇل تاپماق ئاسان ئەمەس، يىگىرمە پۇڭغا نان، 10 پۇڭغا دەملەنگەن چاي كېلىدۇ، ئاشقان 20 پۇڭغا كۆكلۈك خالىغان نەرسىنى ئالامسەن ؟!

— يەتمەيدۇ دېگەندىكىن يەتمەيدۇ !

بۇ مېنىڭ دادامغا تۇنجى قېتىم گەپ ياندۇرۇشۇم ئىدى. دادام بىردىنلا قاپىقىنى تۈردى - دە، چىرايىدىن مۇز ياغدۇرۇپ:

— چوڭ مەكتەپلەرگە ئۆتەلىگەن بولساڭ كۆپ بېرەتتىم ! — دېدى.

ئەمدى ماڭا پۇل توغرۇلۇق سۆز ئېچىشنىڭ ئورنى قالمىدى. مېنى كونترول قىلىۋاتقان سەزگۈ ئەزالىرىم پۈتۈنلەي كاردىن چىققاندەك تۇيۇلدى. ئالىي مەكتەپكە بارالمىغانلارنىڭ زادى چىقىش يولى يوقمۇ ؟ ئۇلارنىڭ جەمئىيەت، ئاتا - ئانىلار ئالدىدا ھېچقانداق ھۆرمىتى، ھوقۇقى يوقمۇ ؟ ئۇلار بۇ دۇنياغا ئوشۇقچە يارالغانمۇ يا ؟ مانا بۇ سوئاللار بېشىمنى گاڭگىرىتىپ قويىدى. بىردىنلا كاللامدا « شەھەرگە كېتىپ، ئاتا - ئانامنىڭ كۆزىدىن يىراق بولۇش » دەك خىيال پەيدا بولدى.

بىزنىڭ بۇ يېزا بازىرىدىن شەھەرگە بېرىش ئۈچۈن 50 نەچچە كىلومېتىر يول يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. مەن ئانىسىدىن ئايرىلغان قوزىدەك يالغۇز شەھەرگە قاراپ يول ئالدىم. قۇياش ئاستا - ئاستا پەسلىدى. يىراق مېنىڭ

يولۇم تەگمۇ بولمىغان ئىدى. تەلىيىمگە يىراقتىن شەھەر تەرەپكە ماڭغان بىر ماشىنا كەلدى. يولنىڭ بىر كاتاڭ يېرىگە كەلگەندە بىچارىلارچە سول قولۇمنى كۆتۈرۈپ ماشىنىنى ئۈمىدۋارلىق بىلەن توستۇم، بىراق شوپۇر ماڭا قاراپمۇ قويمىدى. « شوپۇر دېگەن شۇنداقمۇ باغرى قاتتىق بولامدۇ ؟ ياكى ئۇمۇ مىنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگىنىمنى بىلىپ قالدىمۇيە ؟ » دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. ئاخىر قارامىلىق بىلەن ئاپتوموبىلنىڭ ئاستىلىغان سۈرئىتىدىن پايدىلىنىپ، مايمۇندەك چاققانلىق بىلەن كوزۇپىغا ئېسىلدىم.

ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان ئىدى. بەلكىم شەھەرگە يېقىن كەلگەن بولساق كېرەك، ئاپتوموبىلنىڭ سۈرئىتى ئاستىلاپ قالدى. « شوپۇر مېنى كۆرۈپ قالغانمىدۇ - ھە ؟! » قورققىنىمدىن كۆزۈمگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. مەن دەرھال كوزۇپتىن ئۆزۈمنى يەرگە ئاتتىم. بېشىم قاتتىق بىر نەرسىگە ئۇرۇلدى - دە، كۆزۈم قاراڭغۇلاشتى.

كۆزۈمنى ئاچسام يېنىمدا بىر قارا كۆلەڭگە تۇرۇپتۇ. سىم - سىم يامغۇر كىيىملىرىمنى ھۆل قىلىۋەتكەن بولۇپ، بېشىم زىڭىلداپ ئاغرىۋاتاتتى. تەستە ئورنۇمدىن تۇردۇم. سىنچىلاپ قارىسام، ماڭا بۇ قاراڭغۇ، يامغۇرلۇق كېچىدە بىر كۆتەك ھەمراھ بوپتۇ، ئەتراپ جىمجىت ھەم قاراڭغۇ، پەقەت يىراقلاردىكى ئىتلارنىڭ ئاندا - ساندا قاۋاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. نەگە بېرىشىمنى، نەدە يېتىشىمنى بىلمەيتتىم. غېرىبسىنىپمۇ ياكى

ئاغرىق سەۋەبىدىنمۇ ، ئەيتاۋۇر ، ئۇن سىلىپ يىغلىۋەتتىم .
مەن ئىگىز - پەس يوللارنى بېسىپ شەھەرگە يېتىپ كەلدىم . كوچىدا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى . يامغۇر تېخى توختىمىغان ئىدى .
مەن كوچا چىرىغىنىڭ تۈۋىگە بېرىپ ، بېشىمنىڭ يېرىلغانلىقىنى ، قان تېخى توختىمىغانلىقىنى سەزدىم . « ئانا ، دادا ، سىلەر نەدە ! » دەپ ئۈنلۈك توۋلىغىم كېلەتتى . ئىسسىق ئۆيۈم كۆز ئالدىمدىن زادىلا كەتمەيتتى . ئەگەر ئىمتىھاندىن ئۆتەلىگەن بولسام بۇ كۈنلەرنى كۆرمىگەن بولاتتىم . تەقدىرمۇ ماڭا رەھىمسىزلەرچە قاراۋاتقان بولسا كېرەك .
مەن كوچا دوقمۇشىدىكى بىر ئاشخانىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە قورسىقىمنىڭ ئاچلىقى ، بېشىمنىڭ تېخىمۇ سىقراپ ئاغرىشى بىلەن بىردىنلا كۆزۈم قاراڭغۇلاشتى - دە ، « گۈپ » قىلىپ يىقىلدىم .
قانچىلىك ياتقانلىقىمنى بىلمەيمەن ، بىر ۋاقىتتا قۇلىقىمغا :
— هەي ، كىم سەن ؟ جېنىڭ بارمۇ - يوق ؟ — دەپ توۋلىغان ئاۋاز كىردى .
كۆزۈمنى ئېچىپ ئەتراپقا سىنچىلاپ نەزەر سالدىم . بىر ئوچاق يېنىدا ئانىسىدىن ئايرىلغان باچكىدەك شۈمشىيىپ ياتاتتىم . مەن هايات قاپتىمەن . ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلەرنى تەقدىرمۇ ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كەتمەيدىغان ئوخشايدۇ . تاڭ يورۇپ ، يامغۇرمۇ توختىغان ئىدى . بېشىمنىڭ ئاغرىقى توختىمىسىمۇ ، قان توختىغان بولۇپ ،

قورسىقىم بەكمۇ ئېچىپ كەتكەن ئىدى. مېنىڭ بۇ ھالىتىمنى كۆرۈپ، ھېلىقى ئاشخانا ئوچىقىغا ئوت ياققىلى چىققان كىشىنىڭ رەھىمى كېلىپ قالدىمۇ ـ قانداق، مېنى يۆلەپ ئاشخانىغا ئېلىپ كىردى.

بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئاشخانىدا، كۆل ئېلىش، يۇندى تۆكۈش، سۇ توشۇشلارنىڭ بەدىلىگە قورسىقىمنى ئاچ قويمىدىم. كېچىلىرى ئاشخانىنىڭ بۇلۇڭىدا ئەسكى پالاسقا يۆگىنىپ، كىرپىدەك تۈگۈلۈپ ياتتىم. ئاتا ـ ئانام، ئىسسىق ئۆيۈم زادىلا ئېسىمدىن كەتمەيتتى. كېچىلىرى بۇقۇلداپ يىغلاپ تاڭنى ئاتقۇزاتتىم.

«قەدىرلىك دادا، — دەيتتىم ئىچىمدە، — مېنى كەچۈرگىن، ئەمدى مەن بەرگىنىڭنى ئالاي، مېنى ئۆيگە كىرىشكە رۇخسەت قىل! ئەمدى يۇرتۇمدىن، سىلەرنىڭ يېنىڭلاردىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن!»

بىر كۈنى بىر چىلەك يۇندىنى تۆكۈۋېتىپ، ئەمدىلا ئاشخانا ئىچىگە كىرىشىمگە بىرسىنىڭ:

— ياسىن، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇرۇلۇپ قاراپ، ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشىم راخماننى كۆردۈم ـ دە، قاقشان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدىم. راخمان دەرھال كېلىپ، ئىللىقىنا قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، — ئاشپەزلىككە ھۈنەرگە كىرگەن ئوخشايسەن،ئاداش، — دېدى ئۇ مېنى جوزىغا تەكلىپ قىلىپ، — كەل، ئاداش، بىردەم ئەھۋاللىشايلى.



مەن ھېچ نەرسە دېيەلمىدىم. راخمان ئاغزى بېسقماي سۆزلىمەكتە ئىدى:

— مەن ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي ئائىلەمگە قايتقاندىن كېيىن، — دېدى ئۇ، ئالدىدىكى دەملەنگەن چايدىن بىر ئوتلىۋالغاندىن كېيىن، — دادام مەبلەغ سېلىپ بىر رېمونتخانا ئېچىپ بەردى. مەكتەپتە ئۆگەنگەن بىلىملىرىم بىكارغا كەتمىدى. دەسلەپتە ئاددىي تىپتىكى رادىئولارنى، كېيىنچە ئۈنئالغۇ، تېلېۋىزورلارنى رېمونت قىلالايدىغان بولدۇم. مېنىڭ قۇربىتىم يەتمىگەنلىرىنى فىزىكا ئوقۇتقۇچىمىز توختى مۇئەللىمنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ دېگەندەك، ئەپلەپ يۈرۈپ بۇ ساھەدىمۇ خېلى پۇختا بولۇپ قالدىم. تاپاۋىتىممۇ يۇقىرى بولدى. بىزنىڭ يېزىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بۇزۇلغان توك دەزمىلىدىن تارتىپ، كىر يۇيۇش ماشىنىسىغىچە ئالدىمغا ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ قېتىم ئۈرۈمچىگە ماشىنا ئەكەلگىلى بارغان ئىدىم. ھازىر ماشىنىنى ئېلىپ قايتىپ كېلىشىم. ئەگەر ئۆيۈڭگە چىقىپ كېلىشنى خالىساڭ مەن ئالغاچ كېتەي.

مەن راخماننىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدىم.

— ئاداش، سەن مەكتەپتە مەندىن ياخشى ئوقۇغان ئىدىڭغۇ، سىلىنىڭ يېزىدىكىلەرمۇ مېنىڭ يېنىمغا بۇزۇلغان تېلېۋىزورلارنى ئاپىرىدۇ، سەن بىر رېمونتخانا ئاچماي ئاشپەزلىككە شاگىرتلىققا كىرىپسەنغۇ؟ — سورىدى ئۇ كۆيۈمچانلىق بىلەن.

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي، خىجالەتكە پېتىپ،

بېشىمنى كۆتۈرەلمەي قالدىم.

ساۋاقدىشىم راخمان مېنىڭ بىر يىلدىن بۇيانقى سەرگۈزەشتىلىرىمدىن تولۇق خەۋەر تاپقاندىن كېيىن:

— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، ئاداش، — دېدى ماڭا تەسەللى بېرىپ، — بىز ئالىي مەكتەپكە بارالمىساقمۇ نى - نى ئىشلارنى قىلالايمىز. بىز ئاپتوموبىل ئالغاندىن كېيىن رېمونتچىلىق ئىشىنى قىلىدىغان ئادەم يوق بولۇپ تۇراتتى، مەن بىر بۆلۈك سايمانلىرىمنى بېرەي، سەن بىر رېمونتخانا ئاچقىن. داداڭدەك، ئالىي مەكتەپكە بارالمىغانلارنى كۆزگە ئىلمايدىغانلار ھەيران قالسۇن. ئۇلار بىزنىڭمۇ كارغا كېلىدىغانلىقىمىزنى بىلىپ قالسۇن.

مەن شەپقەتچىمگە يولۇققاندەك ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىدىم. ئاشخانا ئىگىسى ۋە مېنى ئوچاق تۈۋىدىن ئاشخانىغا ئېلىپ كىرگەن كىشىگە كۆپ رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن، ساۋاقدىشىم راخماننىڭ ئاپتوموبىلىغا ئولتۇرۇپ، يۇرتقا قاراپ يول ئالدىم. يول بويى بىزنىڭ پارىڭىمىز تۈگىمىدى. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئارزۇ - ئارمانلار، شېرىن خىياللار... ھەتتا بىز بىرلىشىپ ئۇن تارتىش، ياغ تارتىش زاۋۇتى قۇرماقچىمۇ بولدۇق.

— ماۋۇ بىچارە ئادەم بىزنىڭ مەھەللە تەرەپكە ماڭغان بولسا ماشىنامغا ئېلىۋالار كەنمەن، — دېدى راخمان تۇيۇقسىز.

دەرھال بېشىمنى كۆتۈردۈم - دە، ئۈنلۈك ھالدا «دادا» دەپ تووۋلىۋەتتىم. راخمان ماشىنىنى «چىيپىدە» توختاتتى.

دادامنىڭ شۇنچە يولنى پىيادە بېسىپ، مېنى ئىزدەپ ماڭغىنىنى ئېنىق ئىدى. «ئەمدى دادامدىن قاتتىق تاياق يەيدىغان بولدۇم» دەپ ئەندىشىگە چۆمدۈم ئىچىمدە. دادام مېنى كۆرۈپ تېز مېڭىپ ئالدىمغا يېتىپ كەلدى.

دادام ماڭا زادىلا كايىمىدى. ئەكسىچە مېنى باغرىغا مەھكەم باستى. بىچارە دادام قاتتىق چارچىغانلىقتىن هاسىراپ كەتكەن ئىدى، بىز كۆرۈشمىگىلى ئۈچ ـ تۆت يىل بولغاندەك ماڭا تەلمۈرۈپ قارايتتى.

ــ بالام، ــ دېدى دادام هاياجان بىلەن، ــ مەندىن رەنجىمە، مەن خاتا قىپتىمەن، ئوقۇشقا بارالمىساڭ نېمە بوپتۇ، يېنىمىزدىن ئايرىلمىغىن.

ــ مېنى كەچۈرۈڭ، دادا، ــ دېدىم ـ دە، مىشىلداپ يىغلاپ سالدىم.

مەن دادامغا ساۋاقدىشىم راخمان بىلەن تۈزگەن پىلاننى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردىم. دادام خۇشاللىقتا چۆمگەن هالدا، قىلماقچى بولغان بۇ ئىشىمنى قىزغىن قوللايدىغانلىقىنى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىز خۇشاللىقتا چۆمگەن هالدا مەھەللىمىزگە يۈرۈپ كەتتۇق.

1992 ـ يىل ئاۋغۇست





# چۈشىش

ئىشتىن قايتىپ ئۆيگە كىرسەم، ئايالىم پۈتۈن ئىجتىھاتى بىلەن يەنە بىر نەرسە يېزىپ ئولتۇرغان ئىكەن، مەن بىلەن قىلچە كارى بولمىدى. بۇنىڭدىن ئەرۋايىم قىرىق گەز ئۆچتى - دە، پۈتۈن ئەزايى - بەدىنىمگە تىترەك ئولىشىپ تۇرۇپلا قالدىم.

بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى گۇمانىم بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ يېزىۋاتقىنى زادى نېمە، ئۇنى كىم بىلىدۇ؟ ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچىغۇ «ماقالە» مىش، ئۇ ماقالىمۇ ياكى باشقا... ئۇنىڭ ئۈستىگە، قەلەم ئېلىپ ئەنە شۇنداق گۇمانلىق نەرسىلەرنى يېزىشقا كىرىشكەندىن بۇيان، ئۇنىڭ تونۇشمۇ، ئالاقىلىشىدىغان كىشىسىمۇ كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ. بىرسىنى تېخنىك دېسە، يەنە بىرسىنى پوكونى باشلىق دەيدۇ. ئۇ زادى مېنى نېمە كۆرۈۋاتىدۇ؟...

مانا بۇ خىياللار يۈرىكىمنى تاتىلىماقتا ئىدى. بۇنى

ئاز دەپ تۈنۈگۈن كېچە تۈن يېرىم بولغاندا ئويغىنىپ قارىسام، ئاپالىم يوق تۇرىدۇ، چاچراپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. بالىنىڭ قېشىغا كىردىمكىن دەپ ياندىكى ئۆيگە كىرىپ، چىراغنى ياندۇرۇپ قارىسام ئۇمىدجان شېرىن ئۇخلاۋېتىپتۇ. بىراق ئاپالىمدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. دەرغەزەپتىن كۆزۈمگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي سىرتقا ئىزدەپ ماڭماقچى بولغىنىمدا، مېھمانخانا ئۆيدىن چىقىۋاتقان چىراغ يورۇقىنى كۆرۈپ قالدىم. يولۇاستەك ئېتىلىپ كىرسەم، ئۇ يەنىلا يېزىۋاتىدۇ، يېرىم كېچىدە مەندىن ئوغرىلىقچە يېزىۋاتامدىغاندۇ ؟ ...

ئاپالىم ئىشچىلار تېخنىك مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مۇشۇ رېمونت زاۋۇتىغا تەقسىم قىلىندى. ئۇنىڭ بىلەن يۇمغاقسۇتىنىڭ ئۇرۇقىدەك تۇغقانچىلىقىمىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ كېلىپ بىر يىل ئۆتمەي تۇغقانلارنىڭ كېلىشتۈرۈشى بىلەن توي قىلدۇق ...

مەن تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئوقۇشتىن مەھرۇم قالغان ئىدىم. ئاپالىم ھەتتا زاۋۇت باشلىقىمىزمۇ ساۋات چىقىرىۋېلىشىم توغرىسىدا كۆپ قېتىم تەكلىپ پىكىرمۇ بەردى. مېنىڭ ساۋاتىمنى كىم چىقىرىدۇ ؟ ئاپالىممۇ ؟ ئەرلىك غۇرۇرۇم ئۇنىڭغا يول قويامدۇ ؟ بۇ « تەكلىپ » لەرنى ئۇنىسىزلا رەت قىلىۋەتتىم. ئەگەر شۇ چاغدا گەپكە كىرىپ ئانچە ـ مۇنچە ساۋات چىقىرىۋالغان بولسامچۇ كاشكى، ئاپالىمنىڭ ھازىر يېزىۋاتقىنى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولاتتىم. ئۇنى بىرسىگە ئوقۇتۇپ كۆرۈشمۇ ئەپسىز. مۇبادا ئۇ مېنىڭ يۈزۈمنى چۈشۈرىدىغان

خەت بولۇپ قالسچۇ ؟ پۇتۇنلەي تۇگەشكىنىم شۇ . قانداق قىلىش كېرەك ؟ ئۇ يېزىۋەرسۇنمۇيا ؟ ياق ! مەن ئۇنىڭ خەت يېزىشىغا رۇخسەت قىلماسلىقىم كېرەك ، ئۇنىڭ ماقالە يېزىشىغا قەتئىي يول قويماسلىقىم كېرەك ! ...

ئويلىغانسېرى ئايالىمغا بولغان غەزىپىم ئۆرلەپ ، ئۆزۈمنى تۇتالماي قالىدىغان بولدۇم . بىر كۈنى يەنە شۇنداق يېزىۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە كىرىپ ، ئاچچىقىمدا :

— ئەمدى خەت يازىدىغان بولساڭ قولۇڭنى چېقىۋېتىمەن ! — دېدىم زەردە بىلەن ئايالىمغا گۆلىيىپ .

ئۇ ماڭا خاتىرجەم قىياپەتتە بۇرۇلدى - دە ، ئىللىق بىر كۈلۈپ قويدى . ھېلىمۇ ياخشى ئۇ ماڭا بىر ئېغىز سۆز قايتۇرمىدى . ئەگەر شۇنداق قىلغان بولسا جىدەلنىڭ چوڭى چىققان بولاتتى . دەل شۇ پەيتتە سىرتتىن زىل بىر ئاۋاز ئاڭلاندى :

— قۇربانىسا ، بارمۇسەن ؟ — دېگىنىچە ھويلىغا خىلىلا كېلىشكەن بىر ئايال كىرىپ كەلدى .

— نۇرئەلامۇ سەن ؟ كەل ، ئۆيگە كىرە،ئاداش ، — ئايالىم ئالدىراپ ئىشىككە ماڭدى .

نۇرئەلا ئۆيگە كىرىپلا ئايالىمغا بەكمۇ زوقلىنىپ قارىدى - دە ، ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىدى .

— سىېنى تەبرىكلەيمەن ، — دېدى نۇرئەلا خۇشاللىق بىلەن .

— نېمىگە ؟

— يەنە يوشۇرۇۋاتقىنىنى،قارا ، « بىلىم — كۈچ » ژۇرنىلىغا ماقالەڭ چىقىپتىغۇ ، يەنە كېلىپ شۇنداقياخشى



ئىلمىي ماقالە ئىكەن.

— ئۇنچىلىكمۇ ئەمەس...

— ئۇنداق دېمە، ھېلىمۇ كۆپ ئەجىر قىپسەن، — دېدى نۇرئەلا ۋە ئاخىرىدا مېنى تۇمشۇقى بىلەن ئىماقىلىپ:

— بەلكىم ساڭا يېقىندىن ياردەمدە بولغانلىقى ئۈچۈندۇر؟ — دەپ قوشۇپ قويدى.

سۆزلەر ماڭا بىر سىرلىق تېپىشماقتەك تۇيۇلۇپ، تۇرۇپلا قالدىم.

— مانا بۇ 80 يۈەنلىك چەك، ئالغاچ كەلدىم، قەلەم ھەققىڭ ئىكەن.

مەن ئايالىمدىن گۇمانلىنىپ بولمىغۇر سۆزلەرنى قىلغانلىقىمنى ئەسلەپ پۇشايمان قىلدىم. ئايالىم زاۋۇتتا ئىشلىگەندىن سىرت، ئۆينىڭ پارچە - پۇرات ئىشلىرى بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرۈپ، يەنە ۋاقىت چىقىرىپ شۇنداق چوڭ ئىش بىلەن شۇغۇللانغان ئىكەن - دە، مەن ئۇنى قانچىلىك قىيىنچىلىققا سالدىم!؟ ئايالىمدىن خىجىل بولغىنىمدىن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي تۇرغىنىمدا ئىشىك يېنىك چېكىلىپ، سېخنىڭ مۇدىرى ۋە بىر قانچە ئەر - ئايال خۇشال ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى - دە، ئايالىم بىلەن خۇددى ئۇزاقتىن بۇيان كۆرۈشمىگەندەك قىزغىن كۆرۈشۈپ كەتتى ۋە تۇشمۇ - تۇشتىن ماختىغىلى تۇردى.

— زاۋۇتىمىزدا يەن - تېخنىكا ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مۇشۇ مەزگىلدە، — دېدى سېخ مۇدىرى ئايالىمغا قاراپ، — سىزنىڭ ماقالىڭىز زاۋۇتىمىزدىكى بارلىق تېخنىك خادىملارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. مەن بۇ

زاۋۇتقا يېڭىدىن كەلگەنلىكىم ئۈچۈن سىزنى ياخشى چۈشىنەلمەپتىمەن. شۇڭا سىزگە تۇرمۇش ۋە باشقا جەھەتلەردە بولسۇن، ئانچە ياردەم قىلالمىدىم. قىيىنچىلىقىڭلار بولسا تارتىنماي ئېيتىڭلار، شارائىت يارىتىپ بېرەيلى.

— ھېچقانداق قىيىنچىلىقىمىز يوق، — دېدى ئايالىم تەمكىن قىياپەتتە.

يېرىم سائەتكە يەتمىگەن بۇ قىسقىغىنا سۆھبەت ئاخىرلاشتى. مەن مېھمانلارنى ئۇزىتىۋېتىپ ئۆيگە كىردىم ۋە بىر ھازا خىيال سۈرۈپ كەتتىم.

بىزنىڭ ئۆيگە ئاي - يىللاپ باشلىقلار كىرمەيتتى، بۈگۈن باشقىچىلا ئىش بولدىغۇ!؟ ئايالىم مەندىن خېلىلا قابىل ئىكەن. كىشىلەر «بىلىم — كۈچ دېمەكتۇر» دېسە ئۇنىڭغا سەل قارىغان ئىكەنمەن. ئەمدى ئايالىمغا، بىلىمگە ھەقىقەتەن قايىل بولدۇم. مېنىڭ بىھۇدە گۇمانلىرىم ئۇنىڭ ئىجتىھاتى ئالدىدا ناھايىتىمۇ زور نادانلىق بوپتۇ. ئەمدى مەن ئايالىم ئالدىدا چاكىنا ئادەم بولۇپ قالىمەنمۇ؟ ياق، مەن چوقۇم پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشىم كېرەك...

— نېمە ئويلاۋاتىسىز؟ — ئايالىم يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە مېھرىبانلىق بىلەن خىجىللىق ئىلكىدە يەرگە تىكىلگەن كۆزلىرىمگە قارىدى.

— يېزىڭ، داۋاملىق يېزىڭ! — دېدىم مەن ھاياجان بىلەن، — ئۆي ئىچىدىكى ئىشلىرىڭىزغا مەن ياردەملىشەي، مېنىڭ ساۋات چىقىرىشىمغا سىز ياردەم بېرىڭ.

— يازسام قولۇمنى چېقىۋەتمەمسىز ، — دېدى ئايالىم ئەكىلىگەندەك قىياپەتتە .

— سىزنى خاتا چۈشىنىپ قالغانلىقىمغا تولىمۇ خىجىل بولدۇم ...

— خىجىل بولۇشىڭىز ھاجىتى يوق ، چۈشىنىپ يەتكەن بولسىڭىزلا ناھايىتى ياخشى ، — دەپ ئايالىم تەبەسسۇم بىلەن كۆزۈمگە تىكىلدى .

— رەنجىمەڭ ، قەدىرلىكىم ، — مەن قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن ئېتىلىپ چىققان شۇ سۆزنى ئېيتىش بىلەن تەڭ ئايالىمغا بولغان مۇھەببىتىم ھەسسىلەپ ئېشىپ ، چوڭقۇر سۆيۈنۈش ۋە ئىپتىخارلىق ھېسسىياتىم بىلەن ئۇنى باغرىمغا مەھكەم باستىم .

1992 - يىل سېنتەبىر

# ئۇنى سۆيمەن

بۈگۈن كېچە زادىلا ئۇخلىيالمىدىم. بۇ ئازكەلگەندەك ھەر بىر ئۆرۈلگەندە كارىۋىتىم چىقارغان يېقىمسىز ئاۋاز ئوتقا ماي چاچقاندەك مېنى تېخىمۇ بىئارام قىلماقتا ئىدى. مېنى بۇنداق ئازابلاۋاتقان ئىشنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. ئىچىم تىت - تىت بولغانسېرى ئۆز - ئۆزۈمگە «مەن بۇ دۇنياغا ئازابلىنىش ئۈچۈنلا تۆرەلگەنمۇ؟» دەيتتىم.

يەكشەنبە كۈنلىرى ئانام بىلەن باغچىلارغا كىرگىنىمدە، ماڭا ئوخشاش ۋايىغا يەتكەن قىزلارنىڭ يىگىتى بىلەن چاپلىشىپ دېگۈدەك پىچىرلىشىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرسەم ئىچىم ئېچىشىپ كېتەتتى. بەزى ئاخشاملىرى دوستلىرىم بىلەن كىنوغا كىرسەم يەنە شۇنداق ئاشىق - مەشۇقلار ئۇچرايتتى، ئۇلار كۈندۈزى تۈگىتەلمىگەن شېرىن پاراڭلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بولاتتى. قايتىشتا ئۇلارغا «قاراۋۇل» بولۇپ قالغىنىم مېنى قاتتىق ئازابلايتتى. ئىچىمدە «قەيسەرمۇ شەھەردە بولغان بولسا، بىزمۇ شۇلاردەك سۆيگۈ پەيزىنى سۈرگەن بولاتتۇق» دەيتتىم - دە، ئىختىيارسىز يىغلاپ كېتەتتىم.

ماڭا ھەممىدىن بەك ئەلەم قىلغىنى ئۆتكەن ئايىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى تەگتۇش قىزلارنىڭ كوچىدىلا :

— ھە ، كۆمۈرچى قىز ، قارىداپ كېتىپسەنغۇ ؟ — دېگىنى بولدى .

مەن بۇنداق نەشتەردەك مەسخىرىلىك ئەھۋال سوراشلارغا قانداقمۇ چىداپ تۇرالاي ؟ ئاخىر بۇنداق چىدىغۇسىز ئازابلاردىن خالاس بولۇش ئۈچۈن قەيسەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى ئۈزدۈم . بىراق شۇنىڭدىن ئېتىبارەن گېلىمدىن تاماق ئۆتمەيدىغان ، كېچىلىرى ئۇيقۇم كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى . دېمەك ، دۇنيادا قىزلار ئۈچۈن سۆيگەن كىشىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئارتۇق ئازابنىڭ يوقلۇقىغا سەل قارىغان ئىكەنمەن .

— قەيسەر ، — دېگەن ئىدىم مەن شۇ چاغدا ئۇنىڭغا يېلىنىپ تۇرۇپ ، — تاغدا ئىشلەۋېرەمسىز ، شەھەرگە يۆتكىلىپ كەلسىڭىز بولمامدۇ ؟

— نېمە ؟ — ئۇ ھەيرانلىقتىن ماڭا سىنچىلاپ قاراپ ئېيتتى ، — مېنىڭ كەسپىم شەھەرگە ماس كەلمەيدۇ ، كەسپىمنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ئاشۇ كۆمۈر كاندا تۇرسا ...

— ئۇنداقتا ، بىز قاچانغىچە كاككۇك - زەينەپ بولۇپ يۈرىمىز ؟

— بىزنىڭ كاندا دوختۇر يوق دېيەرلىك ، سىزدەكلەرنى باشقا ئېلىپ كۆتۈرىدۇ . ئىككىمىزمۇ داۋاملىق بىرگە بولالايمىز .

— نېمە دېدىڭىز ؟ تىببىي ئىنستىتۇتنى پۈتتۈرگەن ئادەم ئىشىپ - تېشىپ كۆمۈر كانىغا چىقىمەنمۇ !؟



— كۆمۈر كانغىمۇ ئىختىساس ئىگىلىرى كېرەك ، بىز بەختلىك بولساق بولمىدىمۇ ؟

— بولدى بەس ! ماڭا ئۇنداق بەختنىڭ لازىمى يوق !.

مېنىڭ قەيسەرنى شەھەرگە يۆتكىلىشكە دەۋەت قىلىپ ئېيتقان سەممىي سۆزلىرىم رەت قىلىنغاندىن كېيىن ، مەن ئۇنى قارىدىن - قارىغا سېلىپ ھاقارەتلەپ ، قەتئىي ئايرىلىپ كېتىش پىكرىمدە چىڭ تۇرۇۋالدىم . ئەنە شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئامالسىز ھالدا :

— ئادەم ئۈچۈن ئەسلىنى ئۇنتۇش ھەممىدىن نومۇس ، كەچۈرۈڭ ، سىزنى دەپ ، تاللىغان بۇ كەسپىمدىن ۋاز كېچىشنى خالىمايمەن ، خەير،بەختلىك بولۇڭ ! — دېگەن سۆزى قۇلاقلىرىمنى ھۆركۈتكەن ئوق ئاۋازىدەك ئوغامنى قاينىتىۋەتكەن ئىدى .

ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈنۈگۈن گېزىتتىن قەيسەر ھەققىدە يېزىلغان بىر پارچە خەۋەرنى كۆرۈپ قالدىم . ئۇنىڭدا قەيسەرنىڭ « ئىتتىپاق » كۆمۈر كانىدا بىر ئىسمېنىغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلەپ ، بىر يىللىق ۋەزىپىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇنداپ بولغانلىقى ، ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنداش ، ماشىنىلارنىڭ ئۆچىرەتتە تۇرۇپ كېتىشىنى ئازايتىش ئۈچۈن 103 - قۇدۇققا چۈشۈپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقاندا ، پارتلاتقاندا بوشاپ قالغان كۆمۈر ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ ، قەيسەرنىڭ ئوڭ پۇتىنى قاتتىق زەخىملەندۈرگەنلىكى يېزىلغان ئىدى .

«قەيسەرنىڭ پۇتى زەخىملىنىپتۇ » دېدىممەن ئۆز -

ئۆزۈمگە پىچىرلاپ. بىردىنلا كۆز ئالدىمغا بۇنىڭدىن 10 نەچچە يىل بۇرۇنقى ئىشلار كېلىشكە باشلىدى.

*       *

قىش كۈنلىرىنىڭ بىرى. ئىككى كۈن توختىماي ياغقان قار پۈتۈن كائىناتنى ئاق ماموققا ئورىۋەتكەن ئىدى.

مەن مەكتەپكە ئالدىراپ كېتىۋاتقىنىمدا، تەڭ يولدا ساۋاقدىشىم قەيسەر ماڭا ھەمراھ بولدى. ئۇنىڭ يۈزلىرى سوغۇقتىن بوينىدىكى گالستۇكتەك قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئاغزى ئارانلا گەپكە كېلەتتى.

— توڭلىدىڭمۇ؟ — سورىدى ئۇ كۆيۈمچانلىق بىلەن ئاغزىنى ئۈمچەيتىپ تۇرۇپ.

چىشلىرىم ئىختىيارسىز بىر-بىرىگە تېگىپ كاسىلداپ تۇرغانلىقتىن، ئۇنىڭ سۆزىگە باش لىڭشىتىش بىلەن جاۋاب قايتۇردۇم.

— شۇ تاپتا سىنىپىمىز تونۇردەك ئىسسىپ كەتكەندۇ، — دېدى ئۇ قولۇمنى تارتىپ، — تېز ماڭايلى.

بىز قول تۇتىشىپ يۈگۈرۈپ، مەكتەپكە بىردەمدىلا كېلىپ قالدۇق. قەيسەر مېنى دادام مەكتەپكە يېڭى ئېلىپ كەلگەندە يېتىلگەندەك يېتىلەپ سىنىپقا ئېلىپ كىردى. سىنىپ ئىچىنى قويۇق ئىس-تۈتەك قاپلىغان بولۇپ، ئامىنە خانىم چويۇن مەشنىڭ ئالدىدا كۇشۇلداپ تۇرغان ھۆل ئوتۇنغا ئوت تۇتاشتۇرالماي ئاۋارە ئىدى. بىر توپ ساۋاقداشلىرىمىز پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ مەشنىڭ چۆرىسىگە توپلىشىۋالغان بولۇپ، بىزمۇ بۇ توپقا

قوشۇلدۇق. ئۇزاق ئۆتمەي بىرىنچى سائەتلىك دەرسكە كىرىش قوڭغۇرىقى چېلىندى. ھەممىمىز ئورۇنلىرىمىزغا بېرىپ ئولتۇرۇشتۇق. سىنىپ ئىچىنىڭ تېمپېراتۇرىسى سىرتىنىڭ ھاۋاسىدىن بىر ئاز ياخشى بولسىمۇ، لېكىن ئاچچىق ئىس كۆزىمىزنى ئېچىشتۇراتتى.

— ساۋاقداشلار، — دېدى ئامىنە خانىم مۇلايىملىق بىلەن ياشاڭغۇراپ تۇرغان كۆزلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، — مەكتىپىمىزدە زاپاس كۆمۈرمۇ قالمىدى، كۆمۈرگە كەتكەن ماشىنا بۈگۈن چوقۇم يېتىپ كېلىشى مۇمكىن.

— نېمىشقا پات كەلمەيدۇ؟ — سورىدى بۇلۇڭدا ئولتۇرغان ئاسكۆل سوغۇقتىن تىترەپ تۇرۇپ.

— تېلېفون بىلەن ئۇقۇشىمىزچە، — دېدى ئامىنە خانىم تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ، — بىزنىڭ ماشىنىغا نۆۋەت ئەمدى كەپتۇ.

— كۆمۈر ئېلىش ئۈچۈنمۇ ئۆچىرەتتە تۇرامدۇ؟ — سورىدى ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان باتۇرجان.

— شۇنداق، — دېدى ئامىنە خانىم يېقىملىق ئاۋازدا، — ئادەملەر كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئوتتىن ئايرىلالمايدۇ. زاۋۇت، كارخانىلارمۇ كۆمۈرگە موھتاج. كۆمۈر قاتمۇ قات تاشنىڭ قېتىدىن چىقىدۇ. كۆمۈركان ئىشچىلىرى ئىنسانلارنىڭ بەختلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن، سىلەرنىڭ ئىسسىق سىنىپتا ئولتۇرۇپ ياخشى ئوقۇشۇڭلار ئۈچۈن، ئەنە شۇ قاتمۇ قات تاش ئارىسىغا كىرىپ، كۆمۈر قېزىپ چىقىدۇ، ئۇلار ئۈچۈن كېچىمۇ - كۈندۈزمۇ ئوخشاش، ئۇلار قاراڭغۇ ئۆڭكۈردە قۇياش نۇرىغا تەشنا

بولۇپ ئىشلەيدۇ ، بىراق ئۇلار شۇنداق ئىشلىسمۇ كىشىلەرنىڭ ئوتقا ــ كۆمۈرگە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرالىسۇن ؟ بەزىلەر ئىسسىق ، يورۇق ئولتۇرۇپ ، ئۇلارنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ ، ھەتتا ئۇلارنى مەسخىرە قىلىشىدۇ ، سىلەر ئەنە شۇ كۆمۈر كانىدىكى ئىشچى تاغاڭلاردىن ئۆگىنىپ ، چوڭ بولغاندا خەلققە ئەڭ پايدىلىق ئىش قىلىپ بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن .

سىنىپ ئىچىدە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى ، ئانىمنە خانىمنىڭ بۇ يېڭى ھېكايىسىدىن قاتتىق ھاياجانلانغان ئىدۇق . مېنىڭ كۆز ئالدىمغا ھەممە يېرى قاپقارا كۆمۈر ئادەمدىن باشقا ھېچ نەرسە كەلمەيتتى . مەن يەنە قەيسەر بىلەن بىللە ئۆيگە قايتتىم . بىراق ئانچە ئۇزۇنغا بارمايلا مەن زادىلا ماڭالمىدىم . بەدىنىمگە مۇز تېگىۋالغاندەك پۇتۇمدىن ئۆتكەن سوغۇق مېڭەمگىچە تارالغان بولۇپ ، ئۆزۈمنىڭ پۇتى ئەمەستەك قەدەم ئېلىشىمغا زادىلا قولاشمايتتى . ئەمدى مەن مىشىلداپ يىغلاشتىن ئۈن سېلىپ يىغلاشقا ئۆتتۈم . قەيسەر ھەرقانچە قىلىپمۇ مېنى ماڭدۇرالمىدى . ئاخىر ئۇ پالشوپكا چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى يېشىپ ، ئىككى پۇتۇمنى ئىلمان قوينىغا تىقتى . بىز خۇددى ئاق قەغەز ئۈستىدىكى چېكىتتەك ئاپئاق قار ئۈستىدە ئولتۇراتتۇق . باشقا ساۋاقداشلىرىمىز بولسا ئىسسىق ئۆيلىرىگە ئاللىبۇرۇن بېرىپ بولغاندۇ . قېرىشقاندەك بۇ يولدىن ھېچكىم ئۆتمىدى . شۇرغان تېخىمۇ كۈچەيمەكتە ئىدى .

« قەيسەر نېمىدېگەن كۆيۈمچان - ھە ، ــ دەيتتىم ئۆز - ئۆزۈمگە ، ــ ئۇ خۇددى كۆمۈر كان ئىشچىلىرى

خەلققە كۆيۈنگەندەك ماڭا كۆيۈنىدۇ. ئۇنىڭ قەلبى خۇددى قاردەك ئاپئاق.»

قەيسەر مېنى ھاپاش قىلىپ كۆتۈرگىنىچە ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى (ئۇنىڭ ئۆيى مېنىڭكىدىن مەكتەپكە يېقىن ئىدى). ئۇنىڭ ئانىسى ماڭا ئۆز بالىسىدەك مېھرىبانلىق بىلەن كۆيۈنۈپ، ئايىغىمنى سالدۇردى ۋە چوكا مۇزدەك قېتىپ قالغان پۇتلىرىمنى ئىسسىق يوتقانغا يۆگەپ، ماڭا قىززىق چاي ئىچۈردى.

بىر ھازادىن كېيىن مەن خېلىلا ياخشى بولۇپ قالدىم. پۇتۇمۇ ئىسسىپ قالغان ئىدى. ئەنە شۇ چاغدا مېنى مۇزلاپ قېلىشتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان قەيسەرگە قارىسام، ئۇ ئوتنىڭ تەپتىدە قىپقىزىل بولۇپ كەتكەن مەشنىڭ ئالدىدا، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاشۇ يالقۇنغا ئايلىنىپ كەتمەكچى بولغاندەك مەشكە قاراپ ئولتۇراتتى. مەن ئاستا قوزغىلىپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدىم.

— ئىسسىدىڭمۇ؟ — سورىدى ئۇ ئوتتىن كۆزىنى ئۈزۈپ.

— ئىسسىدىم.

سۆھبىتىمىز ئاخىرلىشىپ، سىخىلىق بىلەن ئىسسىقلىق تارقىتىۋاتقان مەشنىڭ ئالدىدا دەرس ۋاقتىدىكىدەك جىم ئولتۇرۇشتۇق. مەشتىكى كۆمۈر ئايروپىلان ئاۋازىدەك گۈركىرەپ يالقۇن چىقىرىپ كۆيمەكتە ئىدى.

— قەيسەر، — دېدىم مەن مەشتىن كۆزۈمنى ئۈزمەي، — چوڭ بولساڭ نېمە ئىش قىلىسەن؟

— ئۇقمايمەن ، — دېدى ئۇ ھەيرانلىق بىلەن مەندىن قايتارما سوئال سوراپ ، — سەنچۇ ؟

— كۆمۈركان ئىشچىسى بولىمەن ، — دېدىم كەسكىن ھالدا .

— مەنمۇ شۇ .

ئۇنىڭ بۇ جاۋابىدىن شۇ چاغدا چەكسىز خۇشال بولغان ئىدىم .

مەن قەيسەر بىلەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە بىر سىنىپتا ئوقۇدۇم . بىز بىر مەھەللىدىن بولغاچقا ئۇ ماڭا كۆپ ئىشلاردا ياردەم قىلاتتى . قىسقىسى ، بىز بىر - بىرىمىزنىڭ گېپىنى يېرمايتتۇق . بىراق ، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ، مەكتەپ تاللاش جەدۋىلىنى تولدۇرغاندا ئارزۇيىمىز بىر يەردىن چىقمىدى . ئۇ سەنئەت ئىنستىتۇتىدا ئوقۇشنى ئارزۇ قىلاتتى . مەن ئۇنى كۆمۈركان ئىنستىتۇتىنى تاللاشقا مەجبۇرلايتتىم . ئاخىر ئامىنە خانىمنىڭ كۆمۈركان ئىشچىسى ھەققىدىكى ھېكايىسىنى ئەسكە ئېلىش ئارقىلىق قەيسەرنى ماڭا ئوخشاش كۆمۈركان ئىنستىتۇتىنى تاللاشقا كۆندۈرگەن ئىدىم ( ئەمەلىيەتتە مەن تاللىغىنىمنىڭ ئەكسىچە تىببىي ئىنستىتۇتىغا قوبۇل قىلىندىم ، ئۇ تاللىغىنى بويىچە كۆمۈركان ئىنستىتۇتىغا قوبۇل قىلىندى ) .

بىز ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خىزمەت تەقسىماتىنى كۈتۈۋاتقان مەزگىلدە يەنە ئاشۇ ئۆستەڭ بويىدا بىللە بولدۇق . بۇ ، مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ خۇشاللىق كۈن بولۇپ ، ئۇزاقتىن بۇيان تەلپۈنۈپ كېلىۋاتقان ئارزۇيۇم

ئەمەلگە ئاشقان ئىدى . مەن قەيسەرنىڭ مۇھەببەت تەلپىنى خىجىللىق ۋە قىزلارغا خاس تارتىنچاقلىق ھېسسىياتى ئىچىدە قوبۇل قىلغان ئىدىم .

* *

ھويلىمىزدىكى خورازنىڭ ئۇنلۇك ئاۋازدا كەينى - كەينىدىن چىللىشى مېنى شېرىن خىيال قۇچىقىدىن تارتىۋالدى .

— ياق ، ياق ! — دەۋەتتىم ئۆز - ئۆزۈمگە ، — مەن راستتىنلا ئەسلىمنى ئۇنتۇپتىمەن ، كۆمۈركان ئىشچىلىرى ھەققىدە ئاق كۆڭۈل كىشىلەر . ئۇلار سانسىزلىغان ئوتقا تەشنا قەلبلەرنى رازى قىلىدۇ . قەيسەر ، سىز ئەنە شۇلارنىڭ بىرى . سىز مېنى مۇزلاپ قېلىشتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ، پۈتۈمنى ئۇششۇپ قالمىسۇن دەپ ئىسسىق قويىنىڭىزغا تىققان ئىدىڭىز . مەن سىزنىڭ پۈتىڭىز زەخىملەنگەندە يوقلاپمۇ بارالمىدىم . مەن سىز بىلەن بەختلىك بولىمەن ھەم پەخىرلىنىمەن ، مېنى كەچۈرۈڭ ! پۈتىڭىزنى ئۆزۈم داۋالاپ ساقايتىشىمغا رۇخسەت قىلىڭ !

مەن قەيسەرنى ئۆز قولۇم بىلەن داۋالاش قارارىغا كەلدىم - دە ، ئالدىراپ كېيىملىرىمنى كىيىشكە باشلىدىم .

1992 - يىل ئۆكتەبر

## ئۇنىڭ يۇرتى

توختىنىڭ قايسى يۇرتتىن ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ يۇرتى ئۆز ئېغىزىدا ئۆزگىرىپ تۇراتتى. دېمىسىمۇ توختى ئوتتۇرا ياش بولغىنىغا قارىماي، يالغان گەپ قىلىشتىن، گەپ توشۇپ كاللا سوقۇشتۇرۇشتىن، نەپ ئۈچۈن تاپان يالاشتىن قالمىغان ئىدى. گەپىنىڭ تېمىسىغا كەلسەك، ئۇ ئىدارىغا كەلگەنلا باشلىق بىلەن بىر يۇرتلۇق بولۇپ قالاتتى.

توختىنىڭ ئىدارىغا كەلگەن ۋاقتى «ن» ناھىيىسىدىن بولغان ساۋۇتنىڭ باشلىق بولۇپ ئىدارىمىزغا كەلگەن ۋاقتىغا توغرا كەلگەن بولۇپ، توختى«مەنمۇ ‹ن› ناھىيىسىدىن» دەپ يۈرگەن ئىدى؛ كېيىن، قەشقەرلىك ئاۋۇت ئىدارە باشلىقى بولۇپ كەلگەندە توختى دەرھال: «مېنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرىم ‹تۆشۈك دەرۋازا›»دەپ ئېلان قىلدى. يېقىندا، ئىدارىمىزنىڭ بىرىنچى قول باشلىقى ئالمىشىپ، سىچۈەنلىك سۇڭ فامىلىلىك كىشى ئىدارە باشلىقى بولدى. ئىدارىمىزدىكىلەر: ئەمدى توختى نېمە دەركىن، دېيىشكەن ئىدى، توختى بۇنىڭغىمۇ ماسلاشتى. ئۇنىڭ داۋاملىق ئىدارە باشلىقى سۇڭغا كۈچۈكلىنىپ «لاۋ شياڭ» دېگىنىنى ئاڭلاپ تۇردۇق.

# بەش پۇڭ

ئادەمگە ئويلىمىغان ئىشلار يولۇقۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر: «كۆرگىنىڭدىن كۆپتۇر كۆرمىگىنىڭ، كۆرمىگەننى كۆرىسەن ئۆلمىگىنىڭ» دەپ بىكار ئېيتمىغان.

يەكشەنبە. بۇ كۈنى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى تولىمۇ قىزىپ كېتەتتى. شەھەرلىكلەر ئۇنى «دېھقان بازىرى» دەپ ئاتايتتى. مەن مەقسەتسىزلا بۇ «ئادەم دېڭىزى» غا كىرىپ قاپتىمەن، ئالدىمغا مېڭىۋېرىشنى ياكى ئارقامغا يېنىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدىم. قوي پادىسىدەك قالايمىقان ھەم شۇنچىلىك زىچ ئادەملەر توپى ماڭا يول بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئىتتىرىپ - سوقۇپ دېگۈدەك بىر بۇلۇڭغا ئاپىرىپ قويدى. ئىدارىدا ھەممىسى ماڭا تازىم بەجاكەلتۈرگىنى بىلەن، بۇ يەردە ھېچكىم تونۇمايتتى. ئەمەل بەرگەن ھۆكۈمەتنىڭ «ئەمەلدارلىق كىيىمى» نىمۇ قوشۇپ بەرمىگىنىگە ئەپسۇسلاندىم. ئۈستۈبېشىمغا قارىسام، قارا سارجىدىن تىكىلگەن كاستۇم - بۇرۇلكام چاڭ - توزانغا كۆمۈلۈپ كېتىپتۇ. سالامەتلىكىمنى ئاسراش يۈزىسىدىن قول ياغلىقىم

بىلەن ئاغزى - بۇرنۇمنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ، تەستە ئىلگىرىلەيتتىم.

بىرسىنىڭ تۇيۇقسىز پېشىمنى تارتىشى بىلەن كەينىمگە بۇرۇلدۇم. بېشىغا مايلىشىپ كەتكەن تۇماق كىيگەن، يۈزىگە چىپەرقۇتتەك قورۇق چۈشكەن، بەللىرى يادەك ئېگىلىپ، مۈكچىيىپ ئارانلا تۇرغان 80 ياشلاردىكى بىر بوۋاي ھاسىرىغىنىچە:

— بالام، چاقىرسام ئاڭلىمىدىڭىز، پۇلىڭىز چۈشۈپ قالدى، — دېدى.

دەرھال يانچۇقۇمدىن پۇللىرىمنى ئېلىپ سانىدىم، 100 يۈەنلىك ۋە 10 يۈەنلىك پۇللاردىن تارتىپ ھەممىسى ساق ئىدى.

— بالام، يېنىڭىزدىن بۇ پۇل چۈشۈپ قالدى، — بوۋاي تىترەۋاتقان قولىدىكى بەش پۇڭنى ماڭا تەڭلىدى.

«ئۆلمەك ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك ماۋۇ ئۆلۈمتۈك قېرىنىڭ مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقىنىنى قارىمامدىغان! ئىچىمدە شۇنداق دېسەممۇ، ئۆزۈمگە ھاي بېرىپ «بوپتۇلا، بۇنداق ئادەملەر بىلەن تالىشىپ تۇرماي، يولۇمغا راۋان بولايچۇ» دەپ ئويلاپ، ئەمدىلا بۇرۇلۇشىمغا:

— بالام، بۇ راستتىنلا سىزنىڭ پۇلىڭىز! — دېدى بوۋاي يەنە خىقىراق ئاۋازدا.

بۇنى ئاڭلاپ ئەرۋايىم قىرىق گەز ئۇچتى ۋە زەردە بىلەن ئېيتتىم:

— شۇ جىق پۇلنى ئۆزلىرى خەجلىۋەتسىلە!

يەتتە - سەككىز قەدەم مېڭىۋىدىم، يەنە بىرسى

پىشمگە ئىسلدى.

— ئاكا! ئاكا! — دېدى بۇرۇلۇشۇمغا بىر بالا.

يەتتە ياشلاردىكى بۇ ئوغۇل بالىنىڭ كىيىنكى گەپلىرىنى ۋاراڭ - چۇرۇڭدا ئۇقالمىدىم. سەل نېرىراقتا، قاملاشقان ئىككى چوكان ماڭا قاراپ كۈلۈشۈۋاتاتتى. قارىغاندا، ئۇلار مېنى تونۇيدىغان ئوخشايدۇ. ئۇلار بىلەن قەيەردە بىللە بولغىنىمنى ئېسىمگە ئالالمىدىم. شۇئان ھېلىقى بالىغا:

— ساڭا بەرگۈدەك پارچە پۇل يوق، تىلەمچى بالا! — دېدىم - دە، چوكانلار تەرەپكە سىلجىدىم.

كۈتۈلمىگەندە ئۇ پىشمگە يەنە ئىسلدى. ئاچچىقىمدا ئۇنىڭ قولىغا قاتتىق ئۇرۇۋەتتىم ۋە يىغىسىغا پەرۋا قىلماي يۈرۈپ كەتتىم. ئۇ يىغلىغانچە كېلىپ پىشمگە ئىسلىۋالدى. «ئاپلا، خۇدا ئۇردى مېنى! — دېدىم ئۆز - ئۆزۈمگە پىچىرلاپ، — بۇ يېتىم بالىنى ئۇرۇپ قويۇپ بالاغا قالىدىغان بولدۇم.»

شۇنىڭ بىلەن، باشقىلار ئەيىبلەپ بولغۇچە يېنىمدىن دەرھال 10 يۈەننى چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم.

— ئاكا! — دېدى ئۇ يىغلىنىپ قولىدىكى بەش يۈڭنى ماڭا تەڭلەپ، — بۇ سىزنىڭ پۇلىڭىز. بايا بوۋام تېپىۋالغان ئىدى، ئېلىۋېلىڭ.

مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي ئەتراپقا قارىدىم. ھېلىقى چوكانلار ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. ئەتراپىمدىكىلەر ماڭا ۋە بالىغا ئەجەبسىنىپ قارىشىپ

تۇراتتى. ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ، بالىغا چالۋاقىدىم:
— ئۇنى ئاناڭغا ئاپىرىپ بەر!

*        *

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ يەنە يەكشەنبە كەلدى. ئادەمنى بىزار قىلىدىغان بۇ بازارغا كېلىش مەجبۇرىيىتى زىممەمگە چۈشتى. مۇبادا سېتىۋالىدىغان نەرسە باشقا ماگىزىنلاردا بولغان بولسا، ئىككىنچىلەپ ئاياغ باسماس ئىدىم. «بارمايمەن دېگەن تۈگمەنگە يەتتە قېتىم بېرىپتۇ» دېگەن شۇ ـ دە!

ئۆتكەن ھەپتە كۆرۈپ قويغىنىم بويىچە ئالدىراپ ماگىزىنغا كىردىم. ئەمما مەن سېتىۋالىدىغان نەرسىنىڭ باھاسى ئۆسۈپ كەتكىنىنى نەدىن بىلەي؟ يانچۇقۇمدىكى پۇلنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىپ پىركازچىكقا سۇندۇم. ئۇ بىر ـ بىرلەپ سانىغاندىن كېيىن:
— بەش پۇڭ كەم ئىكەن، — دېدى قاپاقلىرىنى سۈزۈپ.
— بەش پۇڭنىڭ كارايىتى چاغلىققۇ، شۇنچە قىممەت مالنى ئالغاندىكىن، بولدى قىلىۋېتىڭە ئەمدى، — دېدىم چاقچاق ئارىلاش.
— بۇ دېگەن دۆلەت ئىلكىدىكى ماگىزىن، بىرىۋەتكىلى بولمايدۇ، — پىركازچىك ئايال شۇنداق دەپ، پۇللىرىمنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى.
— نېمانداق غەرەز ئۇقمايدىغان ئايالسىز؟ — مەنمۇ پوزىتسىيەمنى ئۆزگەرتتىم، — بەش پۇڭ ئۈچۈن شۇنچە

قىلىپ كەتكەن بارمۇ ؟

— نېمە ؟ قارىسا سۆلتىڭىزنى هارۋا تارتالمايدۇ . يەنە ماڭا هاقارەت قىلىۋاتىسىزغۇ ؟ ئەگەر بەش پۇڭىڭىز بولمىسا كوچىغا چىقىپ « ئامىن » دېسىڭىز تاپالايسىز ...

گېپىمۇ ئۆزىگە ئوخشاشلا سەت بۇ بېشەم ئايالغا نېمەدېيىشىمنى بىلمەي ئېسەنكىرەپ تۇرغىنىمدا بىرەيلەننىڭ :

— بالىلىرىم ، بەش پۇڭ ئۈچۈن سوقۇشماڭلار ! — دېگەن بوغۇق ئاۋاز ئاڭلاندى .

كەينىمگە بۇرۇلسام ، بىر قولىدىكى هاسىسى بىلەن يەرنى توكۇلدىتىپ ، يەنە بىر قولىدا بەش پۇڭ قەغەز پۇلنى تۇتۇۋالغان بىر ئەما بوۋاي پوكەيگە يېقىنلاپ كېلىۋېتىپتۇ .

— بالىلىرىم ، مەن ئىگە - چاقىسىز بىر ئەما قېرى ، رەھىمدىل كىشىلەرنىڭ سەدىقىسى بىلەن جان باقىمەن . ھەممىڭىز قېرىنداشلارغۇ ، بەش پۇڭنى دەپ ئۇرۇشماڭلار ، مانا مەن بېرەي .

بىردىنلا يۈزۈمگە ئوت تۇتىشىۋاتقاندەك ئوڭايسىزلىنىپ كەتتىم . ماگىزىندىكى كىشىلەرنىڭ كۆزلىرى ماڭا تىكىلگەن ئىدى . كاللامغا چاقماق تېزلىكىدە « بۇ ، ئاللانىڭ ماڭا بەرگەن جازاسى بولسا كېرەك ! » دېگەن ئوي كەلدى . نېمە قىلىشىمنى بىلمەي تۇرغىنىمدا ، كىشىلەر ئارىسىدىن بىر بالا شۇڭغۇپ چىقىپ :

— ئاكا ، بۇ سىزنىڭ ئۆتكەن يەكشەنبە كۈنى چۈشۈرۈپ قويغان پۇلىڭىز ! — دەپ ماڭا بەش پۇڭنى ئۇزاتتى .

قاراپلا بىلدىمكى، بۇ دەل ئۆتكەن ھەپتە مەندىن ئازار يېگەن بالا ئىدى. كۆزلۈمگە «لۆممىدە» ياش كەلدى، ۋۇجۇدۇم بىر قىسما بولۇپ كەتتى. ئەمما بوۋايغا ناھايىتى تەستە «رەھمەت، بوۋا!» دېگەن سۆزنى ئېيتتىم ـ دە، چىرايىنى توپا باسقان بولسىمۇ، تېگى ـ تېگىدىن سەممىيلىك چىقىپ تۇرغان بالىنى دەس كۆتۈرۈپ، مەڭزىگە سۆيۈپ قويدۇم.

1993 ـ يىل، دېكابر



# خەت

دانىشمەنلەر بىلەن ئاددىي ئادەملەرنىڭ
پەرقى شۇ يەردىكى، دانىشمەنلەر خۇپسەنلىك
قىلىشنى بىلىدۇ، ئاددىيئادەملەر بولسا ئاق كۆڭۈل
كېلىدۇ.

— تاگور («مۇنداق دەك»دىن)

ھەمسارىخان بۇ چوڭ شەھەرگە ئوقۇشقا كەلگەندىن كېيىن، تېزلا ئۈستۈبېشىنى يېڭىلىدى. ئۇنىڭ ئارا پاشنىلىق توپلىيى ئېگىز پاشنىلىق باسىنىشكىغا ئورۇن بەرگەن بولسا، ئانـاردەك قىزىل، ئەمما سەھرا پۇرىقى چىقىپ تۇرىدىغان يۈزى ئۇپا - ئەڭلىكنى قوبۇل قىلىپ، تۈگمەنچىنىڭ قىزىنىڭكىدەك ئاپئاق تۈسكە كىردى. بۇ، قىزلارنىڭ شەھەر مەدەنىيىتىگە ماسلىشىشى ھېسابلىناتتى. ھەمسارىخانىنىڭ بۇنداق ئۆزگىرىشنى ياتاقداشلىرى قوللىغاچقا، تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، دادىسىنىڭ رۇخستىنى ئالمايلا ئىسمىنى «سەيياره» گە ئۆزگەرتتى.

ئۇ يېرىم يىلغا بارمايلا ھەر خىل مودا كىيىملەرنى كىيىش بىلەن ساۋاقداشلىرىنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتتى. ئۇنىڭ دولقۇنسىمان چاچلىرى ئىككى دولىسىنى يەلپۈپ تۇرسا، سۆڭگىچىنى ئاران ياپىدىغان يۆگىمەچ گۈللۈك كۆلۈچ كۆڭلىكى زىلۋا بەدىنىگە ئاجايىپ ماسلىشىپ، يۇمغاقسۈت باغلىغاندەك بوغۇۋالغان بېلى يۇمران كۆكسىنى بىر جۈپ ئالمىدەك كۆرسىتەتتى؛ ئېگىز پاشنىلىق ئايىغى ئاۋايلاپ، نازلىق قەدەم تاشلاشقا مەجبۇرلايتتى. ئۇنىڭغا قىزلار ھەسەتلىك كۆزىدە باقسا، ئوغۇللار ئاغزىنى چاكىلدىتىپ قارايتتى.

سەييارە دەرس ۋاقتىدا ئالدىدىكى دوسكىدىن كۆز ئۈزمەيتتى. لېكىن ئۇ پۈتۈن دىققىتى بىلەن دەرس ئاڭلاۋاتقاندەك كۆرۈنگەن بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزى قۇلىقىغا كىرمەيتتى، خىيال قۇشى كىيىم - كېچەك دۇكانلىرىدا، ئاۋات كوچا - تانسىخانىلاردا، يىگىتلەرنىڭ قۇچىقىدا قانات قاقاتتى. ئۇ بۈگۈن تۆتىنچى سائەتلىك دەرستە ئاتا - ئانىسىغا ۋە بىر قىز دوستىغا خەت يازدى، ئوقۇتقۇچى دەرستىن لېكسىيە يېزىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ، پەرۋامۇ قىلمىدى. خەتنى كونۋېرتلارغا سېلىپ، ئەمدىلا ئادرېسىنى يازاي دەۋاتقاندا، ئوقۇتقۇچىنىڭ نەزىرى ئۇنىڭغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئالاقزادە بولۇپ، كونۋېرتلارنى يانچۇقىغا سېلىۋالدى. دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچىنىڭ كەينىدىن بولۇشىغا تىللاپ، كونۋېرتلار ئۈستىگە ئادرېسلارنى يازدى - دە، ئالدىراپ پوچتىخانىغا يۈرۈپ كەتتى.

*　　　*

شەنبە .

نەچچە 10 يىلنى ئىناق ئۆتكۈزۈپ مويسىپىتقا ئايلانغان بۇ ئەر - خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىش ئەتىگەندىن بېرى بېسىقمىدى . ئۇلارنىڭ پۈتلىرى گۆرگە ساڭگىلىغان بولسىمۇ بىر - بىرىگە زادى يول قويۇشمايۋاتاتتى .

— خوتۇن ، — دەيتتى هاپىز قارى ، — قېرىپ بۇ هالغا يەتكەندە كالىنى سېتىۋەتسەك يەرنى قانداق تېرىيمىز ؟

— قىزىمىز خېتىدە يەنە پۇلنىڭ گېپىنى قىلغان تۇرسا ، ئەۋەتمىسەك بولامدۇ ؟ قىز بالا دېگەننىڭ يانچۇقىدا ...

بۇۋاي مومىينىڭ سۆزىنى ئاخىرىغىچە ئاڭلاشقا تاقەت قىلالمىدى :

— ئوقۇشقا كەتكىلى تېخى بىر يىل بولماي تۇرۇپ قويلىرىمىزنى سېتىپ بولدۇق . يەنە تۆت يىل ئوقۇسا قانداق قىلىمىز ، ئېيتىپ باقە .

— « باشقا كەلگەندە باتۇر » دەپتىكەن . ئەتە كالىنى ساتايلى ، كېيىن بىر گەپ بولار .

— ساتمايمەن !

— هېلىمۇ قېرىغاندا خۇدايىم بىر قىز بېرىپتۇ ، بەش - ئالتە باللىق بولۇپ قالغان بولساق ئىش باركەن - دە ؟ خەقلەر شۇ بىر قىزنىمۇ باقالماپتۇ دېمەمدۇ !

— خەق نېمە دېسە دەۋەرسۇن، كالىنى ساتمايمەن دېدىم ساتمايمەن.

— ئەركىشى دېگەنغۇ باغرى تاش كېلىدۇ...

— خوتۇن، مېنىڭ باغرىم تاشمۇ؟ — بوۋاينىڭ تاماكا تۇتقان قولى تىترەپ كەتتى، — بولدى، مەن قىزىمىزنى ياندۇرۇپ كېلىمەن. خەقلەرگە: قىزىمىز تەلەيسىز ئىكەن، كۆپ پۇل تۆلەيدىغان مەكتەپكە بېرىپ قاپتۇ دەيمەن. يۇقىرىقى مەھەللىدىكى ھاشىماخۇننىڭ ئوغلى ئوقۇۋاتقان مەكتەپتە باللاردىن پۇلمۇ ئالمايدىكەن. تېخى ھەر ئايدا ئاز - تولا پۇل بېرىدىكەن دەيدۇ. قىزىمىز نېمىشقا شۇنداق مەكتەپكە...

— ھوي، نېمانداق بىغەرەزلىك قىلىلا، بىز كونا جەمئىيەتتە ئوقۇيالىغانمۇ؟ ئەمدى قىزىمىزنىڭ بەختىگە ئولتۇراي دەملا؟

— ئۇ مەكتەپتە بىزدەك قولى قىسقا ئادەملەرنىڭ باللىرى ئوقۇيالمىغۇدەك، — بوۋاي تاماكىسىنى بىر شورىۋېلىپ داۋام قىلدى، — يېزا ئادەم يېمەيدۇ، قىز بالىمۇ كەتمەن - ئورغاق تۇتالايدۇ. مامۇتاخۇننىڭ قىزى خەلىچىخانمۇ ئاتا - ئانىسىغا بىر ئوبدان ياردەملىشىۋاتامدۇ!

— سىلە قىزىمىزنى قايتۇرۇپ كېلىپ دېھقان قىلماقچىمۇ؟

— قىز بالا دېگەننى شۇنچە چىقىم تارتىپ ئوقۇتۇپ نېمە كەپتۇ؟

تالاش - تارتىشنىڭ تۈگىشىگە كۆزى يەتمىگەن

مـومـاي يـېرـم كىچە بولغانلىقىنى پەملەپ ئۇنچىقمىدى ۋە يېتىپ ئۇخلاپ قالدى .

ئۇلار ئەتـىـسـى چـاي ۋاقـتـىـغـىـچـە بـىر ـ بىرىگە قـىـيىدىشىپ ، گەپ ـ سۆزسىز ئۆز ئىشى بىلەن بولۇشتى . غـىـزالـىـنـىـپ بـولـغـانـدىن كـېيىن ، موماي كالىنى سېتىش ھەقـقـىـدە ئـېغىز ئېچىشقا تەمشىلىۋاتقاندا ، بىرسى ئىشىكنى قاقتى .

ـــ سـىـلـىـگـە خـەت كـەپـتۇ ، ـــ موماي ئىشىكنى ئـېـچـىـشـىـغـا قـوشـىـنـىـسـىـنـىڭ بالىسى قولىدىكى خەتنى تەڭلىدى .

« خـەت ـــ يـېـرىـم دىدار » دېگەنىدەك ، موماي گويا قـىـزى بـىـلـەن كـۆرۈشـكـەنـدەك خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە شـۇئان « ئەمـدى كـالـىـنـى ساتمىغانلىرىنى كۆرەي » دەپ ئويلاپ ، مىيىقىدا كۈلدى .

ـــ مـاۋۇ خـەتـنـى ئوقۇسىلا ، ـــ موماي كونۋېرتنى ئاۋايلاپ ئـېـچـىـپ ، چـىرايلىق پۈكلەنگەن ۋاراقچىنى ھاپىز قارىيغا سۇندى .

بـوۋايـنـىـڭ خـەت تـۇتـقـان قـولـى نـېـمـىشقىدۇر تىترىمەكتە ئىدى . ئۇ ئىجىر ـ مىجىر قۇرلارنى دۇدۇقۇپ ـ ھەجىلەپ دېگۈدەك ئۈنلۈك ئوقىدى :

دوستۇم خەلچەم ، ياخشىمۇ سەن ؟ ساۋاقدىشىمىز ياسىنچۇ ؟

بۇ خېتىمدە ساڭا بۇ چوڭ شەھەرگە ئـوقـۇشـقـا كـەلـگـەنـدىـن كـېـيـىـنـكـى ئاجايىپ ئەركىن ، تولىمۇ بـەخـتـلـىـك ئۆتـكـەن تـۇرمـۇشـۇمنى سۆزلەپ بېرەي ،

ئاڭلىغۇڭ بارمۇ؟ قارا، دوستۇم ، ئالىي مەكتەپ دېگەن سەن ـ بىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا ھېس قىلىپ ئۈلگۈرگەن ياكى ئۈلگۈرمىگەن سىرلىق ماكان ئەمەسكەن . ھازىرقى ئالىي مەكتەپنى « ئويۇن ـ تاماشا قايناۋاتقان ئورۇن » دەپ چۈشەنسەڭ بولىدىكەن . قارا ، ئاداش ، پۇل دېگەننى غازاڭدەك خەجلەپ ، كىيىم دېگەننى « ئالىپتە » كىيىپ ، يوللاردا « قاس ـ قاس » دەسسەپ ماڭىدىغان بولسام ، مانا مەن ـ مەن دېگەن يىگىتلەرمۇ ئېغىزلىرىنى چاكىلدىتىپ ، ئارقامدىن داڭقېتىپ قارىشىپ قالىدۇ . مېنى ئويناتقىلى ئاپىرىدىغان يىگىتلەرنىڭ ھەر كۈنى كەچتە كىچىك ماشىنا بىلەن كېلىپ ئۆچرەتتە تۇرۇپ كەتكىنىنى دېمەمسەن تېخى ...

ھاپىز قارىي گېپىنى بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك خەت ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالماي بىر پەس توختاپ قالدى . ئۇنىڭ خەتنى تۇتقان قوللىرىلا ئەمەس ، قىرو باسقاندەك ئاقارغاندەك ساقال ـ بۇرۇتلىرىمۇ توختاۋسىز تىترىمەكتە ئىدى . موماينىڭ چىرايى بولسا ئۆلۈكنىڭكىدەك سارغايغان بولۇپ ، قورۇقلار تېخىمۇ گەۋدىلىنىپ تۇراتتى . بوۋاي ئاچچىق موخۇركىسىنى قاتتىق ـ قاتتىق شوراپ ، كۆكۈش ئىسنى پۈۋلىگەتكەندىن كېيىن ، خەتنىڭ داۋامىنى ئوقۇشقا باشلىدى :

دوستۇم خەلچەم ، مېنى ئىمتىھاندا قانداق قىلىدىغاندۇ دەپ ئويلايدىغانسەن ؟ بۇنىڭدىن ئەندىشە قىلىش پۈتۈنلەي ھاجەتسىز . « پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا » دېگەندەك ئىمتىھان ۋاقتى يېقىنلاشقاندا ، رېستوران ، سوۋغا ـ سالام ۋە تاتلىق

كۆلۈمسىرەشلەر ياخشى « كۆۋرۈك » بولىدۇ. بازار ئىگىلىكىگە ماسلىشىپ، « پۇلنىڭ كەتكىنىگە ئەمەس، ئىشنىڭ پۈتكىنىگە قارا » يدىغان بولساڭ، نەتىجەڭ ھەدىسە ئۆگىنىشتىن باش كۆتۈرمەيدىغان ھاماقەتلەردىن يۇقىرى چىقىۋېرىدۇ ...

ھاپىز قارىي خەتنىڭ داۋامىنى ئوقۇشتىن يالتايدى. موماي ئۆكسۈپ يىغلىماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا تومۇزنىڭ پىژقىرىم ئىسسىقلىرىدا خامان ئالىمىز دەپ تارتقان چاپا - مۇشەققەتلىرى، بىز يېمىسەكمۇ - كىيمىسەكمۇ شۇ بىر تال قىزىمىز كىشىنىڭ يۇرتىدا بويۇن قىسىپ قالمىسۇن دەپ ئاچ - توق قالغان كۈنلىرى بىر - بىرلەپ نامايان بولدى.

جاپاكەش ئاتا - ئانا ئاخىر ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئەتراپلىق مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، مەكتەپ رەھبەرلىرىگە خەت يازدى، قىزىنىڭ خېتىنىمۇ قوشۇپ ئەۋەتتى. ئۇلار مەكتەپ مەمۇرىيىتىنىڭ جاۋاب خېتىگە تەقەززا ئىدى.

1993 - يىل

# تىرىكتاپنىڭ قاپقىنى

تۇراپ ئوسماننى بۇ يېزا تەۋەسىدە تونۇمايدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى . ئۇ مەسئۇل بولغان كەنت ناھىيە ھەتتا ۋىلايەت بويىچە ئۈلگىلىك كەنتكە ئايلىنىپ ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىمدە ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەنلىكى ئۈچۈن ، نۇرغۇن قېتىم تەقدىرلەنگەن ، ئىش - ئىزلىرى گېزىت ، رادىئو - تېلېۋىزورلاردا تونۇشتۇرۇلغان ئىدى . كەنت خەلقى تۇراپ ئوسماننىڭ يېتەكلىشى بىلەن ئاشلىق ۋە ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ مەھسۇلاتىنى يىلمۇ - يىل ئاشۇرغاچقا ، قورسىقى تويۇپلا قالماي قولىغا پۇل كىردى . شۇنىڭ بىلەن ، ساۋۇت ھاشىمدىن باشقا دېھقانلارنىڭ ھەممىسى كېسەك تاملىق ئۆيلىرىنى پىششىق خىشلىق قىلىپ ئۆزگەرتتى ، كۆپىنچىسى تېخى چوڭ - كىچىك ماشىنىمۇ سېتىۋالدى . كەنت تەۋەسىدىكى ئاساسلىق يوللار ئاسفالتلاشتۇرۇلۇپ ، ۋىلايەت ، ئاپتونوم رايون ھەتتا مەملىكەت بويىچە « مەدەنىيەتلىك كەنت » دېگەن نامنى ئالغان ئىدى . كەنت تەۋەسىدە ئۇزاقتىن بۇيان قانۇنغا خىلاپ ئىشلارنىڭ يۈز بەرگىنىنى ھېچكىم بىلمەيتتى . دېھقانلارمۇ بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇش - تالاش

قىلمايتتى. بۇ جەھەتلەردە كەنت ئاھالىسى خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىناق ئىدى.

بىراق، يېقىندىن بۇيان كۆز تەگكەندەك كەنت تەۋەسىدە ئۇرۇش ـ جېدەل، ئوغرى ـ يالغان كۆپىيىپ، ئىلگىرى تۇراپ ئوسمانغا ھۆرمەت بىلەن قارايدىغان، ئۇنى ئەۋلىيادەك بىلىدىغان دېھقانلار نېمىشقىدۇر ئۇنىڭغا سوغۇق قارايدىغان بولۇپ قالدى. بەزىلەر ئۇنىڭغا قوپال تېگەتتى. تەكتىنى سۈرۈشتۈرگەندە بۇنىڭغا تۇراپ ئوسماننىڭ ئۆزى سەۋەبچى ئىدى. بۇنى ئويلىسا، ئۇ ئاچچىقتىن ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولاتتى.«خەپ سېنى،ساۋۇت ھاشىم!— دەيتتى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — ئىناۋىتىمنى تۆكۈپ مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان سەن ھارامزادىنىڭ ئەدىپىنى بەرمەيدىغان بولسام ...»

*　　*

ساۋۇت ھاشىم 70 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئۆز كەنتىگە قايتىپ كەلدى. تۇراپ ئوسمان كەنتتىكى باشقا كادىرلارنىڭ سەمىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئۇنى كەنت كاسسىرى قىلىپ قويدى. ئۆمرىدە پېشانىسىدىن تەر چىققۇدەك ئىشلەپ باقمىغان بۇ قەلەم ساھىبىغا كۈتۈلمىگەن مەنسەپ ياغدەك ياقتى. ئۇنىڭ كۈنلىرى ئاسايىشلىق ئىچىدە ئۆتۈشكە باشلىدى.

ساۋۇت ھاشىم بىر ئۆمۈر مۇشۇنداق بولۇشنى تىلەيتتى. ئەمما ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولماي قالدى،

شىرىن ئارزۇلىرى كۆپۈككە ئايلاندى. 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرى ئىدى، يىگىرمە تۆت يىلدەك داۋاملاشقان «ئوپچى قازان» بۇزۇلۇپ، يەردىن تارتىپ ھەممىسى شەخسىلەرگە ھۆددىگە بېرىلدى. كەنت كادىرلار قوشۇنىنى خىللاشتۇرۇش ئىسلاھاتى بىر بۆلۈكلەر قاتاردا ساۋۇت ھاشىمنىمۇ شاللىۋەتتى. ئۇنىڭ قەلەم تۇتقان يۇمشاق قوللىرى ئەمدى كەتمەن سېپىنى سىقىمداشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ دەسلەپتە، كەتمەننىمۇ قەلەمنى قەغەز يۈزىدە خالىغانچە چاپتۇرغاندەك ئوينىتىپ، ئىچى قوتۇر كۆرەلمەسلەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتمىسەم دەپ ئويلىدى. لېكىن قوللىرى ئۆزۈمدەك قاپىرىپ، ئىشنىڭ ئۇنداق ئوڭاي ئەمەسلىكىنى بىلگىنىدە كۆزلىرىدىن ياش ئاقتى. ئۇ كۈندۈزلىرى بىر ئامال قىلىپ كەتمەندىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسى ئۈستىدە باش قاتۇرسا، كېچىسى ئىلگىرىكىدەك كاسىرلىق خىزمىتىنى چۈشەيتتى.

ھازىر ئۇنىڭ ئائىلىسىدە ئايالى ۋە ئىككى بالىسى بولۇپ تۆت نوپۇس بار ئىدى. ئۇلارنىڭ قورسىقىغا نان، ئۇچىسىغا كىيىم تاپمىسا بولمايتتى. يالقاۋلىق ھەم دىتسىزلىق ئۇلارنى قىيىن ئەھۋالدا قويۇۋاتاتتى. يەر دېگەن ئاققۇزغان تەرگە لايىق ھوسۇل بېرىدۇ ـ دە! ئۇ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئائىلىسىنى موھتاجلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يولىنى تاپالمىدى. ئەگەر قولىدىن بىرەر ھۈنەر كەلسە شۇ تاپتا يۇرتنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەنمۇ بولاتتى. ئەمما، ئۆزىغۇ بىر ئامالLAR بىلەن جان باقار، خوتۇن ـ بالىلىرى قانداق قىلىدۇ؟ ئۇ ئۈچ ۋاخ تاماق

تەلەپ قىلىدىغان قورساقنى ئويلىغاندا، خۇدانىڭ ئادەملەرنى ئاش ـ نان يېمەيدىغان قىلىپ ياراتمىغانلىقىدىن ئاغرىناتتى.

ئۇ قانچە قېتىم باشقىلاردەك جاپاغا چىداپ ئىشلەشكە ئىرادە باغلىغان بولسىمۇ، «شېرىن جان»نى قىيناشنى راۋا كۆرمىدى. مۇشۇنداق ئارىسالدىلىق تۈپەيلىدىن يىللاردىن بىرى باج ۋە ھۆددىنى تولۇق تاپشۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كۆنى ئاران ئۆتۈۋاتاتتى. بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەر ئاز كەلگەندەك، يېقىن ئېچىلىسىلا تۇراپ ئوسمان ئۇنى «ھورۇن»، «يالقاۋ»، «ئىزىلەڭگۇ» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلەيتتى. بۇنداق ئەيىبلەشلەرنى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭغا يەر قاتتىق، ئاسمان يىراق بولاتتى. ھاقارەتكە ئۇچرىغان شۇنداق چاغلاردا ئۇ شىردەك ئېتىلىپ بېرىپ تۇراپ ئوسماننىڭ ئاغزىغا ئۇرماقچى بولاتتىيۇ، يەنە ئۆزىنى بېسىۋالاتتى. چۈنكى ئۇ ھورۇن بولسىمۇ نومۇسنى بىلەتتى. شۇڭا رەقىبىدىن ئاشكارا ئەمەس، يوشۇرۇن ئۆچ ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئوغرىلىقچە سەۋەنلىك ئىزدەپ يۈرەتتى. ئۇنىڭچە، بۇ يول بىلەن ئەدەبلىسە جايىدا ئىش بولاتتى. لېكىن ئۇنىڭ بىرنەچچە ئايدىن بۇيانقى كېچە ئۇخلىماي ئېلىپ بارغان چارلاشلىرى بىكار كېتىۋاتاتتى.

بىر كۈنى ساۋۇت ھاشىم ئېتىزلىرىنى ئايلىنىپ، قوناقلىقىغا كەلگەندە، تۇراپ ئوسماننىڭ بوشىنىپ كەتكەن ئېشىكىنىڭ ئەمدىلا 20 سانتىمېتىر ئۆسكەن بىر تۈپ قوناق مايسىسىنى يېگىنىنى كۆرۈپ قالدى. «ئىگەڭنىغۇ شۇنچە

پايلاپ باشقىلارنىڭ بىر نېمىسىنى يېگىنىنى ئۇچرىتالماي ئاۋارە بولدۇم، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — ئەمدى سەن بولساڭمۇ ئاران بىر تۇپىنى يەپلا قاچقۇچە كۆپرەك يېسەڭچۇ! ياكى مېنىڭ قونىقىم تېتىمىدىمۇ؟ شۇنداقتىمۇ، ئەمدى ئوبدان بولدى، ئاشۇ بىر تۇپىمۇ پاكىتلىقتا يارايدۇ. ئىنگەڭ ھەمىشە: 〈كەنتىمىزدە كىمكى ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن باشقىلارنىڭ زىرائەتلىرىگە زىيان سالسا ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولىدۇ〉 دېگەن گەپنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. قېنى، بۇنىڭغا نېمە دەيدىكىن ئەمدى؟»

ساۋۇت ھاشىم گويا جەڭدە غەلىبە قازانغان غالىب جەڭچىلەردەك كېرىلگىنىچە ئۆيىگە كەلدى. بۈگۈنكى ئىشتىن ئۇنىڭ كۆڭلى ئىمىن تاپقان ئىدى. ئۇ، ئىچىدە «ئەمدى تۇراپ ئوسمان مېنى تەنقىدلىيەلمەيدۇ» دەپ ئويلاپ، يۈرەكلىك ھالدا ئۆزى بىلگەننى قىلىپ يۈردى.

بىر كۈنى كېچىدە ئۇ باشقىلارنىڭ ئېتىزىدىكى ئورۇپ قويۇلغان بۇغداي ئۆنچىسىنى ئوغرىلاپ ئۆزىنىڭكىگە قوشۇۋالدى. تاڭ ئاتقاندا ئۇنىڭ بۇ قىلمىشى پاش بولۇپ قالدى. ئۇزاقتىن بۇيان ئوغرىلىق ۋەقەسى يۈز بەرمىگەن بۇ كەنتتە ساۋۇت ھاشىمنىڭ ئېتىزلىقتىكى ئۆنچىنى ئوغرىلىشى تۇراپ ئوسماننىڭلا ئەمەس، پۈتۈن دېھقانلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. ئويلاپ بېقىڭ، دېھقانىنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنىڭ ھەممىسى ياز بويى ئېتىزلىقتا



تۇرسا، ئۇلار قانداقمۇ خاتىرجەم بولالىسۇن ؟!

تۇراپ ئوسمان شۇئانلا ساۋۇت ھاشىمنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ كەلدى. ئۇ ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك، تاملارغا ئېسىلغان بايراق - تەقدىرنامىلەرگە قارىغىنىچە تۇراتتى.

— سەن نېمىدەپ ئوغرىلىق قىلدىڭ ؟ — تۇراپ ئوسمان ئالدىدىكى شىرەگە غەزەپ بىلەن بىرمۇشت سالدى. ئىشخانا ئىچى ئەكس سادادىن تىترەپ كەتتى.

ئىلگىرىكى چاغلار بولغان بولسا ساۋۇت ھاشىم قورقۇپ تىترەپ كەتكەن، ھېچبولمىغاندا ئاز - تولا چۆچۈگەن بولاتتى. بىراق ھازىر ئۇنداق ئالامەتلەردىن ئەسەر يوق ئىدى.

— ئاچچىقلانمىسىلا، كەنت باشلىقى، — دېدى ئۇ سالماق قىياپەتتە، — سىلىمۇ سورۇشتۇرمىسىلا، مەنمۇ دېمەيلا قوياي.

— نېمىنى دەيسەن ؟ — تۇراپ ئوسماننىڭ ئاۋازى بىردىنلا پەسىيىپ قالدى.

— ئۇزاقتىن بۇيان ئۆزلىرىنى ئاياپ دېمەي كېلىۋېدىم، دېيىشكە توغرا كەلسە بۇ يەردە ئەمەس، ئامما ئالدىدا دەيمەن.

تۇراپ ئوسمان توك سوقۇۋەتكەندەك ئەندىكتى، بىر سوغۇق ئېقىم تاپىنىدىن كىرىپ مېڭىسىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولدى، لەۋلىرى تىترەپ ئاغزى گەپكىمۇ كەلمىدى. ئۇ قول ئىشارىتى قىلىپ ساۋۇت ھاشىمنى ئىشخانىدىن چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، ئورۇندۇققا

پاتقىنىچە بىر هازا ئۇلتۇرۇپ كەتتى. «هېلىقى ئىشنى دەيمەن دەمدىغاندۇ بۇ ئەخمەق، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — ئۇ ئىشلارنى يېزا باشلىقى بىلىپ قالسا، نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا كەنت باشلىقلىقىدىن ئېلىپ تاشلايدۇ، هەتتا بوغۇزلىۋېتىشتىنمۇ يانمايدۇ، هەي ناهەقچىلىك!»

تۇراپ ئوسمان ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ، ئاخىر كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان، زىخمۇ كۆيمەيدىغان بىر چارىنى تاپتى.

ئوغرىلىق ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلغانلىق هەققىدىكى خەۋەر كەنت بويىچە غۇلغۇلا پەيدا قىلىپ، كىشىلەرنىڭ قىزىق مۇنازىرە تېمىسىغا ئايلىنىپ قالدى. ئامىنىڭ بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى باھالىرى هەر خىل ئىدى.

ساۋۇت هاشىم كۆرەڭلەپ «هەرقانچە يامان بىلىقمۇ يەمچۈك ئالدىدا قارماقتا ئىلىنماي قالمايدۇ. خەقلەرنىڭ ‹ئىشلىگەن گىردە يەيدۇ، ئىشلىمىگەن جىگدە› دېگىنى بىكار گەپ» دەيدىغان بولدى. بىر كۈنى ئۇ ئۆكتەملىك قىلىپ باشقىلارنىڭ نۆۋەت سۈيىنى ئۆز يېرىگە ئېچىۋالدى. ئۇنىڭ بۇ يولسىزلىقىنى ئەيىبلىگەن بىرسىنى ئۇرۇپ، ئاغزى - بۇرنىنى قانغا بويىۋەتتى. تۇراپ ئوسمان ماجىرانى بىر تەرەپ قىلغاندا سەۋەنلىكنىڭ پۈتۈنلەي ساۋۇت هاشىمدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ قارشى تەرەپنىڭ پىكرىنى ئېلىك ئالمىدى. نەتىجىدە ساۋۇت هاشىمنىڭ يولسىزلىقى توغرا بولۇپ چىقتى. بۇ هال

ئۇنىڭ خورىكىنى تېخىمۇ ئۆستۈردى.

ساۋۇت هاشىم كەنتتە ئۆزى بەگ، ئۆزى خان ئىدى. ئۇ هاشاغا بارمايتتى، ئېپىنى تاپسا باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى ئوغرىلاپ، غېمىدە يوق يۈرۈۋېرەتتى. كىشىلەر هەرقانچە غۇلغۇلا قىلغىنى بىلەن ئاڭلايدىغان ئادەم يوق ئىدى. كەنتتە ئەمگەك قىلماي تەييارغا هەييار بولىدىغانلار كۆپىيىپ، توغرا كەيپىيات بۇزۇلۇۋاتاتتى. تىنچلىقنىڭ ئورنىنى جىدەل ـ ماجىرا، خاتىرجەملىكنىڭ ئورنىنى ئەنسىزلىك ئىگىلىگەن ئىدى.

تۇراپ ئوسمان كەنتتىكى بۇ خىل ناهەقچىلىك، بولۇپمۇ باشقا كادىر ۋە دېهقانلارنىڭ تاپا ـ تەنىلىرىگە چىدىماي، بېشىغا كەلگەننى كۆرۈش قارارىغا كەلدى. ئۇ، ساۋۇت هاشىمنى ئىشخانىسىغا يەنە چاقىرتتى.

— ساۋۇت ئاخۇن، ئىشلىرىڭلا قالاشمىغىلى تۇردى. هەددىڭلاردىن بەك ئېشىپ كېتىۋاتىسىلەر! — دېدى ئۇ كەسكىن تەلەپپۇزدا.

— ئەمىسە دەۋېتىمەن.

— دەڭلا، مەندە گۇناھ يوق. ئەسلى ...

— ئۇنى كىچىك ئىش، گۇناھ هېسابلانمايدۇ دەپ ئويلامىلا؟ كۆپچىلىك ئوتتۇرىسىدا دەيمەن.

تۇراپ ئوسمان يەنە جىمىپ قالدى. ئۇ ساۋۇت هاشىمغا ماددىي نەرسىلەرنى بېرىپ، هېلىقى ئىشلارنى تىلغا ئالماسلىقىنى ئۆتۈندى. كەنت كادىرلىرىنىڭ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق پاراۋانلىق فوندىدىن پۇل ئاجرىتىپ ساۋۇت هاشىمنى ئىقتىسادىي جەهەتتىن

يۈلەپ، ياخشى ئادەم بولۇشقا، ئوغرىلىق قىلماسلىققا ئۈندىدى. تۇراپ ئوسماننىڭ ئايالى بۇنى ئۇقۇپ قىلىپ جىدەل قىلدى:

— ئېيتە، ساۋۇتنىڭ ئالدىدا نېمە تىل قىسىنچىلىق بار؟ سەن چوقۇم ئۇنىڭ ئايالىغا بۇزۇلدۇڭ. بولمىسا....

ئۇ ھازازۇل خوتۇنى ئالدىدا نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ ئۇنىڭ تىلى تۇتۇلغان بولۇپ، خورازدەك چاغلىرى كەلمەسكە كەتكەندەك ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا ئىشكتىن پۇت ئالغۇچە توپىسىنى قېقىپ، قىلغىلى قىلىق تاپالمايدىغان بۇ خوتۇنىمۇ ئەمدى قىلچە ھېيىقماستىن ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىدىغان ھالغا يەتكەن ئىدى. شۇ تاپتا ئايالى مۇشۇك بولسا، ئۇ چاشقانغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. «كۆتۈرەلمەسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، يېزا رەھبەرلىرىمۇ ئۇنى بىر قانچە قېتىم تەنقىد قىلدى. ئۇ ئۈستى ـ ئۈستىلەپ كەلگەن دەرد ـ ئەلەملەرنىڭ ئىسكەنجىسىدە ئازابلانماقتا ئىدى. ئەمما ئۇ ئابرۇيىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تەكلىماكان قۇملۇقىدەك ھەممىنى سىڭدۈرۈۋېتىشكە رازى ئىدى. «مەيلى نېمە بولسا بولسۇن ئىناۋېتىمنى قوغدىشىم كېرەك، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — ئەگەر ھېلىقى ئىشىم ئاشكارىلىنىپ قالسا يېزا باشلىقىنىڭ، كەنتتىكىلەرنىڭ ئالدىدا قانداق باش كۆتۈرۈپ يۈرىمەن؟ ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆلۈپلا تۈگەشكىنىم ياخشى. ئۆزۈمنى ئاقلاي دېسەم، يا ماڭا گۇۋاھچى بولىدىغان ئۈچىنچى بىر ئادەم يوق. ئىست، شۇ ئاخشىمى نېمىدەپ سىرتقا چىقار بولغىيدىم؟»

*          *

تۇراپ ئوسمانىنىڭ تىلىنى كىسىك قىلىپ قويغىنى مۇنداق ئىش ئىدى : بۇنىڭدىن بىرىيىل ئىلگىرىكى بىر كۈنى كەچتە تۇراپ ئوسمان كەنتكە تەۋە ھەرقايىسى ئەترەتلەرنىڭ زىرائەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ يالغۇز قايتىپ كېلىۋاتاتتى. چۈلۈۋۈرىدىن بوشىنىپ كەتكەن ئاتنى قوغلاپ ماڭغان يىزا باشلىقىنىڭ ئايالى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. تۇراپ ئوسمان چەبدەسلىك بىلەن ئاتنىڭ نوختىسىغا ئېسىلىپ تۇرۇشىغا يېتىپ كەلگەن يىزا باشلىقىنىڭ ئايالى ئارغامچىنى تۇتا ـ تۇتمايلا ئات يەنە ھۆركۈپ قاچتى. ئايال سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ يول ياقىسىدىكى ئورەككە ئوڭدىچە يىقىلدى. تۇيۇقسىز زەربىدىن بىر داڭگالغا پۇتلاشقان تۇراپ ئوسمان ئايالنىڭ ئۈستىگە دۈملا چۈشتى ـ دە، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى بىر ـ بىرىگە تېگىپ كەتتى. تۇراپ ئوسمان دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئايالدىن ئەپۇ سورىدى. بۇ ئىشنى پىسەنتىگىمۇ ئالمىغان ئايال كىيىملىرىدىكى توپىلارنى قېقىۋېتىپ، « رەھمەت » ئېيتىپلا كېتىپ قالدى. دەل شۇ چاغدا يول ياقىسىدىكى قوناقلارنىڭ تۇيۇقسىز سوققان شامال تەسىرىدىن شىلدىرلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان تۇراپ ئوسمان ئەتراپقا تەشۋىشلىك قارىدى. « بىرەرسى كۆرۈپ قالغاندىمۇ » دېگەن ئەندىشە ئۇنىڭ كۆڭلىدىن « لىپ » قىلىپ ئۆتتى.

« ھەي ... شۇ ئىشنى سەن كۆرۈپ قاپتىكەنسەن ـ

دە ، يۈزسىز ئىپلاس ! ــــ دېدى تۇراپ ئوسمان ئىچىدە ، ـــ خەپ ئوغرى ، بۇ ئىشلار ھامان ئايدىڭلىشىدۇ ... » ئۇ بۇلارنى ئويلىغانسېرى ئارامسىزلىناتتى .

بىر كۈنى يېزا رەھبەرلىرى ئۇشتۇمتۇت بۇ كەنتكە كېلىپ ، دېھقانلاردىن پىكىر ئالدى ، ئارقىدىن چوڭ يىغىن ئاچتى . قارىغاندا ئىش چاتاقتەك قىلاتتى . تۇراپ ئوسمان يېزا باشلىقىنىڭ چىراي ئىپادىسىدىن تەشۋىشلىك مەنىلەرنى چىقىرىپ « ئاپلا ، يېزا باشلىقى بىلىپ قالغان چېغى » دەپ ئويلىدى ـ دە ، ئىچىگە قورقۇنچ چۈشتى .

يىغىننىڭ 3 ـ كۈنتەرتىپىدە ، يېزا باشلىقى ، تۇراپ ئوسماننىڭ ساۋۇت ھاشىمغا بولغان باھاسىنى ئاڭلاپ باقىدىغانلىقىنى ئېيتتى . بۇنى ئاڭلىغان تۇراپ ئوسماننىڭ بىردىنلا كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ ھېچنەرسىنى كۆرەلمىدى .

« مەن ئۆزۈمگە پاك ، ـــ دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ ، ـــ ساۋۇتنىڭ تۆھمەتلىرىدىن قورقمايمەن . مەن يېزا باشلىقىنىڭ ئايالىنى ھېچنىمە قىلمىدىم . ئەگەر يېزا باشلىقى ئۇنىڭ قۇرۇق گېپىگە ئىشىنىپ ، مېنى كەنت باشلىقلىقىدىن ئېلىۋەتسە ، بېشىمغا كەلگەننى كۆرەي »

ئۇ ئەمدى كەسكىن قارارغا كەلدى . دېھقانلار ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدەك ئۈمىدۋارلىق نەزىرىدە تىكىلىپ ئولتۇراتتى . ئۇ ساۋۇت ھاشىمنىڭ قىلمىشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى .

ـــ دەۋېتىمەن !

ساۋۇت ھاشىمنىڭ ئۈنلۈك ئاۋازى ئۇنى سەل

تەمتىرىتىپ قويغان بولسىمۇ، دەرھال ئۆزىنى رۇسلاپ كەسكىن تەلەپپۇزدا ئېيتتى:

— قېنى، دەۋەتكىن!

— ماقۇل، ئەمدى دېمەي بولمىدى، — ساۋۇت ھاشىم ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن ئورنىدىن تۇردى.

— تۆھمەت قىلماي ھەقىقىي كۆرگىنىڭنى ئېيت.

— كۆرگىنىمنى دەيمەن - دە، ئەلۋەتتە.

— قېنى، دېمەمسەن!

— ...

يېزا رەھبەرلىرى ۋە دېھقانلار بۇ ئىككيلەننىڭ ئاغزىغا قاراشقىنىچە ھەيران قالماقتا ئىدى. چىرايلار ئۆزاقتىن بۇيان ئېچىلماي كېلىۋاتقان تولىمۇ مۇھىم بىر سىرنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈپ جىددىي تۈس ئالغان ئىدى.

— ماقۇل ئەمىسە، ئەمدى دېمىسەم بولمىدى. راستىنى دەۋېتەي، — ساۋۇت ھاشىم ئەزمىسىنى ئەزدى.

— دېمەمسەن تېزراق، تەقەززا قىلىۋەرمەي!

— بوشراق سەكرىسىلە، كەنت باشلىقى، ھېلى بىكار دەۋېتىمەن.

— دېمەمسەن تىلىڭنى چايناۋەرمەي!

— ماقۇل، دەمدىمەن؟

— دە!

— ئەمدى دېمەي بولمىدى، كەنت باشلىقى، كۆرگىنىمنى ئېيتاي ئەمىسە، 5 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى سىلىنىڭ ئېشەكلىرى مېنىڭ بىر تۈپ قونىقىمنى يەپ كەتكەن ...

تۇراپ ئوسمان ئۇستىدىن ئېغىر يۈك ئېلىۋېتىلگەندەك « ئۇھ ! » دېگىنىچە جايىغا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى .

1984 - يىل ، قەشقەر - خانئېرىق



# «ساراڭ»نىڭ كۈلكىسى

بىر كۈنلۈك ۋەزىپىسىنى تۈگىتىپ ھالدىن كەتكەن كۆزلىرىم يۇمۇلۇش ئالدىدا ئاداققى ماجالىنى يىغىپ، گىرىمسەن ئۇپۇق سىزىقىنى بويلاپ سەپەرگە ئاتلانغان خىيالىمنى ئىزدىمەكچى بولغاندەك يىراقلارغا تىكىلدى. ۋۇجۇدۇم بولسا بوشاشقىنىدىن روھسىز بىر ھالەتتە مۈگدەۋاتاتتى. بۇ خىل ھالەتنى كىشىلەر «لايغەزەللىك» دەپ ئاتىشىدۇ. روھىم جىسمىمغا يۈك بولۇپ ئەنە شۇ لايغەزەللىك ئىچىدە لاغايلاپ يۈرمەكتە ئىدى... قۇلاق پەردىلىرىمنى تۇيۇقسىز تىترەتكەن كۈلكە ئاۋازىدىن تىنىق بۇلاققا چالما تاشلانغاندەك داۋالغۇغان كۆزلىرىم نىشانىنى ئۆزگەرتىپ، كۈلكە ئىگىسىنى ئىزدىدى.

مەندىن تۆت قەدەمچە نېرىدا بىر قىز تىلىقىپ - تىلىقىپ كۈلۈۋاتاتتى. كۈلكە تەسىرىدىن لەرزىگە كەلگەن يىرتىق كىيىملەر ئىچىدىكى سۈپەتلىك ۋۇجۇد ئىككى يانغا چايقالماقتا ئىدى. «ئۇ نېمىگە شۇنچە خۇشال بولىدىكىنە؟» سوئالىمنىڭ ئاخىرى ئۈزۈلگىچە ئۇنىڭ كۈلكىسى ئەۋجىگە چىقتى. ئۇ ئەنە شۇنداق كۈلكە ئۈچۈنلا يارالغاندەك نە

كوچا، نە ئادەملەر ... قىسقىسى، ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن بەدىنىدىكى ھەربىر كىلىتكىلىرىغىچە كۆلكە تۆكۈلۈۋاتقاندەك كۈلۈۋاتاتتى. تۆت كوچا ئاغزىدىكى ئادەملەر مىغىلدايدىغان جايدا ھېچبىر سەۋەبسىزلا كۈلۈۋاتقان بۇ قىز دىققىتىمنى تارتقان چېغى، پۇتلىرىم مېنى ئىختىيارسىز ئۇنىڭ يېنىغا باشلاپ باردى. ئۇنىڭغا قارىشىم بىلەن كۆزلىرىم ئاق دائىرە ئىچىدىكى چوڭراق كەلگەن، قاپقارا قارىچۇقلىرىدىن ۋەھىمىلىك، قىزغۇچ نۇر چاقناپ تۇرغان، ئۇزۇن كىرپىكلەر قورشاۋىدىكى بىر جۈپ كۆز تەسىرىدىن قېتىپ قالدى. ئەگەر بۇ كۆزلەرنىڭ ئىگىسى ماڭا گەپ قىلمىغىنىدا شۇ ھالەتتە يەنە قانچىلىك تۇرىدىغانلىقىم ماڭا قاراڭغۇ ئىدى.

— ئەپەندىم، سىزنى مۇئەللىم دېيىشىدۇ، بۇ راستمۇ؟ مەن ...

— سىز نېمىدەپ بۇنىڭغا قىزىقىپ قالدىڭىز؟ — دېدى بىرەيلەن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ. مەن بۇ ئورۇنسىز سوئالغا پەرۋا قىلمىدىم.

— مەن ... مەنمۇ بىر چاغلاردا، — ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتتى، — مۇئەللىم ئىدىم.

كۆزلىرىم ھەيرانلىقتا چانىقىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك كېڭەيدى. «بۇ ... بۇمۇ مۇئەللىم ئىكەن - دە» سەزگۈلىرى ئەسلىگە كەلگەن كۆزلىرىم ئالدىمدىكى «مۇئەللىم» گە يېڭىۋاشتىن تىكىلدى. ئورۇق بەدىنىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە جايلاشقان باشتىكى سەل

پاخپايغان ، ئەمما دولقۇنلىنىپ تۇرغان چاچلار ، ياداڭغۇ يۈزگە زىننەت بېرىپ تۇرغان ئېقى چوك - چوك ئاھۇ كۆزلەر ، ئېقىپ چۈشكەندەك قاڭشارلىق بۇرۇن ، ئەنە شۇ بۇرۇننى بويلاپ بىر بارماق چوڭلۇقىدا قان رەڭلىك ئىز قالدۇرۇپ تاكى ئاستىنقى لەۋ گىچە سوزۇلغان بىر يېرىق ...
« بۇ مۇئەللىم ئىكەن ... بۇ ... »
— نېمە ؟ ئىشەنمەيۋاتامسىز ، ئەپەندىم ؟ مېنى مەسخىرە قىلىۋاتىسىزغۇ ھەقاچان ! كىشىلەر ئەزەلدىن راست گەپكە مەسخىرە كۆلكىلىرى بىلەن كۈلگەن ئەمەس ، مۇبادا ئۇ غەيرىي رەسمىي كۈلمىگەنلا بولسا .
ئۇنىڭ سۆزلىرى قۇلاق پەردىلىرىمگە بازغاندەك تەگدى . ئېغىز ئېچىشقا ھەرقانچە ئۇرۇنساممۇ ، بوغۇزۇمغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك ئاۋازىم چىقمىدى . بايىقى كۈلكىنىڭ ئەكس ساداسى مېڭەمگىچە بۆسۈپ كىرىپ نېرۋا تالالىرىمنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى . خىيال قەسرىمنى مۇھاسىرىگە ئالغان سوئاللار نەپسىمنى سىقاتتى .
بۇ زادى قانداق كۈلكىدۇ ؟ ...

* *

ئۇيقۇ لەشكەرلىرى بىلەن قېرىشقان كۆزلىرىمنى قارا لىباسلىق تۈن پەرىسىنىڭ تىۋىشسىز يورۇقى بىلەن ئۇچراشتۇرۇش ھەلەكچىلىكىدە ئەتراپنى ئايلاندىم . تۇيۇقسىز چېلىققان يېقىنلا يەردىكى نۇر توچكىسىدىن نالىلىق ئىسكىرىپكا كۈيىدەك مۇڭلۇق ۋە زەئىپ بىر ئاۋاز

ئاڭلانـدى . قـاغـىـغا قاراپ تۇرۇپ بۇلبۇل ئاۋازىنى ئاڭلاش قـانچە ئەجەبلىنەرلىك بولسا ، شۇ تاپتىكى ھالىممۇ ئەقلىمگە ئىـشـەنـمـىـگـەنـدەك بـىـر خـىـل ھەيرانلىق ئىلكىدە ئىدى . ۋۇجـۇدۇمـدا ئويـغـانـغـان ئاڭسىز بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسى بـىـلـەن قـەدەمـلـىـرىمنى يۆتكىدىم . ئاۋاز بارا - بارا ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى :

مۇھەببەتنىڭ شېرىنلىكىدىن
كەتكۈم كەلمەس ئەسلا يېنىڭدىن .
سەسكەنگىنىم بولغاچ ھەقىقەت ،
ئەپسۇس ، بەزىدىم شۇ ئۇلاشقا سەندىن .
ئاھ ! ...

« ئاھ » دېگەن نىدا بىلەن ئاۋاز ئۆچتى .

شـۇنـچـە كـۈچـلـۈك مـۇھەبـبـەت ، يـەنـە ئۇنـىڭغا تـەڭلەشكەن نەپرەت ئىگىسى كىم ؟ سوئالىم جاۋاب ئىزدەپ ئاتلانـغـۇچـە ، ھېـلـىـقـى لەنەت تەگكۈر كۈلكە ئاۋازى يەنە ئاڭلانـدى . بـۇ ... يـاق ، بـۇ كـۈلـكـە ئەمـەس ، ئۆكـسۈپ ، بـوغـۇلـۇپ نـالـە قـىلىۋاتقان ، ئازاب تىغىدا نىمتىلىنىۋاتقان يـۈرەكـنـىـڭ ئېـچـىـنـىشلىق نىداسى . بۇمۇ لەنەت تەگكۈر يىغىمىدۇ !؟

شـۇئـان سـوئـالـىـم سـىـرتماققا ئايلىنىپ ، دەسلەپكى ئۇچـى بـوغـۇزۇمـغـا ياماشقۇچە ، ئاخىرقى ئۇچى يۈرىكىمگە قـاراپ ئـىـلـگـىرىلىدى . ئۆزۈمنى كەچۈرگۈسىز بىر گۇناھقا پـاتـقـانـدەك سـەزدىم . ھالسىز ۋۇجۇدۇم يالغۇزلۇق ئىلكىدە

يېتىمسىراپ، شۇمشەيگەن روھىمغا ئىسلدى، يىلتىزى كېسىلگەن مايسىدەك سولىشىپ لاسىدە ئولتۇرۇپ قالدىم.

بۇ زادى قانداق كۈلكىدۇ؟ ...

*　　*

جانلىقلار تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان پەسىللەر گۈلتاجى باھار خۇددى موللا ئالدىدا نامەھرەملىك گۇناھىدىن قورقۇپ چۈمپەردىگە ئورۇنۇۋالغان خۇداگۇي ئاياللاردەك، جامالىنى زىمىستان قىشىنىڭ بوزرەڭ رومالىرى بىلەن نىقاپلاپ، كىشىلەرنى تەلمۈرتمەكتە ئىدى. مەنمۇ شۇ قاتاردا ئىزىلەڭگۈ - سۆرەلمە قىشنىڭ ئورۇنسىز بىزەڭلىكىگە كايىش ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرۇپ، توڭغان قوللىرىمنى ئىرىنچەكلىك بىلەن شىم يانچۇقىغا سالغىنىمچە كېتىۋاتىمەن. دەم ئېلىش كۈنى بولغاچقا، كۆڭۈلنىڭ خاھىشىغا بېقىپ قېقىۋالغان شارايىنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ «مەن مەست ئەمەس، يول ئېگىز - پەس» دېگەندەك تاشپاقا يورغىسىدا مېڭىپ، پۇتلىرىمنىڭ ئىختىيارلىقى بىلەن ئاچا يول دوقمۇشىغا كەلدىم.

— ھاۋ ... ھاۋ ...

تۇيۇقسىز قاۋىغان ئىتتىن ئۆزۈمنى قاچۇرىمەن دەپ داجىغان پۇتلىرىم ياندىكى تاشقا پۇتلىشىپ ئوڭدامغا يىقىلدىم. خۇداغا شۈكۈر، مەن راستىنلا مەست ئەمەسكەنمەن. شۇئان ئورنۇمدىن تۇردۇم - دە، كۆزۈمنى ئېچىپ ئىت قاۋىغان تەرەپكە قارىدىم.

ۋاي ئاللا، مانا كارامەت! كۆز ئالدىمدا

ھېلىقى « مۇئەللىم » ئىككى قولى جەينەكلىرىگىچە قىپقىزىل قانغا بويالغان ھالدا ئىتنىڭ ئاغزىدىن بىر نەرسىنى تارتىۋاتاتتى . غالجىر ئىت ئاغزىدىكى تەييار لوق گۆشنى قويۇپ بەرگۈسى كەلمەي زەرب بىلەن چىشلەيتتى . بۇمەنزىرىدىن قورقۇپ سىزىمنى يوقاتقاندەك بولغان بەدىنىم يەنە بىر قېتىم ئوڭدىسىغا چۈشكىلى تاس قالدى .

« توختا ! » تېخى ئاغزىمدىن چىقىشقا ئۈلگۈرمىگەن ماگىنىتلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بۇ سۆزنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۆزۈمنى ئوڭشاپ قىزنىڭ يېنىغا باردىم .

— سىڭلىم ، نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز ؟

— مەن ... مەن يوقاتقان ئەسلىمنى ئىزدەپ ، سەرسان بولغان روھىمغا تەسەللى بېرىۋاتىمەن ... يوقال ! . .. يوقال ! ... يو ...

بوغۇق ئەمما كۈچلۈك بۇ ئاۋاز بىلەن تەڭ قىزنىڭ قوللىرى ئىتنىڭ ئاغزىغا ئاۋۋالقىدىنمۇ بەكرەك پاتۇرۇلدى . ئىتنىڭ چىشلىرى ئارىسىدا چاينىلىپ لەختە بولغان بارماقلار ئەسەبىي ھالدا ئىت چىشلىرى ئارىسىدىن بىر سۆڭەكنى تارتىۋاتاتتى .

— قاراڭلار بۇ ساراڭغا ، قاراپ تۇرۇپ ئۆز قوللىرىنى ئىتنىڭ ئاغزىغا سېلىپ بېرىۋاتقىنىنى ؟

— خۇدا ، بەندىلىرىڭگە بۇنداق كۈنلەرنى كۆرسەتمىگەيسەن ، توۋا ...

— ...

توپلانغانلارنىڭ ئۈنلۈكرەك گەپ قىلىشتىن

قورقاندەك بىر - بىرىگە كۇسۇرلاشلىرى قىزنىڭ قۇلىقىغا كىرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇ جان - جەھلى بىلەن ئىتنىڭ ئاغزىدىكى سۆڭەكنى تارتىش بىلەن ھەلەك ئىدى. ھايۋان بىلەن ھايۋاننىڭ چىشلىشىشى نورمال ئىش، ئەمما ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ تالىشىشىنى كىشىلەر ئېڭىغا سىغدۇرالمايدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، ئەمدى بۇ رېئاللىققا نېمە دېگۈلۈك؟ ئاخىر تاقىتىم تاق بولۇپ، ۋۇجۇدۇمنى ئىگىلىگەن ئازاب ئارىلاش ئېچىنىش تۇيغۇسى مېنى داۋاملىق تاماشا كۆرۈپ تۇرۇۋېرىشكە قويمىدى. قوپاللىق بىلەن قىزنىڭ قوللىرىنى ئىتنىڭ ئاغزىدىن تارتتىم.

— بىر تال سۆڭەك ئۈچۈن ساپساق قولىڭىزنى نابۇت قىلىپ نېمىگە ئېرىشمەكچىسىز؟ ئىت بىلەن تەڭ بولماڭ، مەن سىزگە گۆش ئېلىپ بېرەي!

شۇنداق دېيىشىمگە ئۇنىڭ قوللىرى تىترەپ، شەلپەردەك قىزارغان يۈز ئاۋۋال سارغىيىپ، ئارقىدىن تاتاردى - دە، ئاق دائىرىدىن قىزغۇچ نۇر چاقناپ، دەھشەتلىك تۇس ئالغان كۆزلەر ماڭا مىختەك قادالدى؛ لەۋلەر ئۆششۈك تەگكەن ياپراقتەك بىردەم تىترىگەندىن كېيىن، ئاۋاز دولقۇنىنى ئۈزۈپ - ئۈزۈپ چىقاردى:

— مەن گۆش ئۈچۈن، ئاشۇ بىر تال سۆڭەك ئۈچۈن قوللىرىمنى نابۇت قىپتىمەنما؟! ھىم... بەكمۇ ئەپسۇس، خاتالاشتىڭىز، ئەپەندىم. مەن بۇ دۇنياغا پەقەت يېيىش ئۈچۈنلا تۆرەلگەن بولسام، ئاللىقاچان يېمەك - ئىچمەك ئامبىرىغا ئايلانغان بولاتتىم. مەن بۇ دۇنياغا يېيىش ئۈچۈن ئەمەس، يارىتىش، ئېرىشىش ئۈچۈن كەلگەنمەن.

تۇرمۇش گەرچە تويماس نەپسى ئۇچۇن بىر - بىرسىنىڭ ئۇستىگە دەسسەپ، ئۇنى ئۆزىنى سەمرىتىش ۋە مەنسەپكە يامىشىشىنىڭ پەلەمپىيى قىلىدىغان بەزى كىشىلەرنىڭ « جەڭگاھى » بولسىمۇ، مەن بۇ « جەڭگاھ » تىكى ئۇ خىل غالىبلاردىن بولۇشنى خالىمايمەن. كۆرۈۋاتامسىز، ئەپەندىم، بۇ غالجىر، لالما ئىت بۇ بىچارە سۆڭەكنى زەھەرلىك چىشلىرى ئارىسىغا ئېلىۋاپتۇ، بىلىمەن، بۇ ئارقىلىق ئۇ يېڭى ئولجىلار ئۇچۇن كۈچ توپلىماقچى. مەن بۇنىڭغا يول قويمايمەن. ھەرقانداق قاتتىق سۆڭەكمۇ ئىتنىڭ ئاغزىغا كىرسە ئېرىپ كېتىدۇ. ئاڭلاۋاتامسىز، ئەپەندىم، مەن بۇنىڭغا يول قويمايمەن. چۈنكى ... چۈنكى ...

ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە قوللىرىنى يەنە ئىتنىڭ ئاغزىغا تىقتى. « نېمە دەيدىغاندۇ، بۇ ساراڭ ... » ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، بىرسى مېنى تورمۇزلاپ قويغاندەك ھەرىكەتسىز قېتىپ قالدىم.

— ھاۋ ... ھاۋ ... ھاۋ ...

ئىت جان جەھلى بىلەن بىر نەچچىنى قاۋاپ، غىڭشىشقا باشلىشى بىلەن، قىزمۇ يانغا قىيسايدى. شۇندىلا ئېسىمنى تېپىپ قىزنى يۆلىدىم، ئۇنىڭ قوللىرى پۇتۇنلەي بارماقسىز ئىدى.

— ھەرقانداق قاتتىق سۆڭەك ... يا ... ياق ...

ئۇنىڭ گېپىنىڭ يېرىمى ئېغىزىدا قېلىپ، سەزگۈسىنى يوقاتتى، دېگەنلىرىدىن بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم - دە، گويا مېنىڭ قوللىرىم شۇ

ھالغا چۈشۈپ قالغاندەك شۇركىنىپ كەتتىم .

— ياق ، سىڭلىم ، ئىتنىڭ چىشلىرىنى ئېرىتئۈپتىدىغان سۆگەكلەرمۇ بار ، ئەنە قاراڭ .

قىز ئاستا بېشىنى كۆتۈردى . نېرىراقتا بىچارىلەرچە غىڭشىپ ياتقان ھېلىقى ئىتنىڭ ئاغزىدىن چىش سۆگەكلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن قىپقىزىل گۆش چۇشۇۋاتاتتى .

قىز « ئاھ ! » دېگەن كۈچلۈك نىدا بىلەن تەڭ ھوشىدىن كەتتى . ئالاھەزەل 10 مىنۇتچە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ كۆزلىرىنى ئاچتى . ئەمدى بۇ كۆزلەردىن ئاۋۋالقىدەك ياۋايى قىزغۇچ شولىلار ئەمەس ، ئېقى تولىمۇ ئاق ، قارىسى بەكمۇ قارا بولغان دائىرىدىن بىر خىل ئۇچقۇن چاقناۋاتاتتى .

— سىز ... بۇ راستمۇ ؟

— پاكىتقا سوئال كېتەمدۇ ؟

مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدىم . بۇ كۆزلەرنى ئەمدى بىر قەۋەت سۇزۇك سۇيۇقلۇق ئورىۋالغان ئىدى . كۈتمىگەندە ئۇنىڭ چىرايىدا بىلىنەر - بىلىنمەس تەبەسسۇم پەيدا بولدى .

بۇ قانداق كۈلكىدۇ ؟ ...

*          *

كېچە بىلەن كۈندۈز بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ، ھەش - پەش دېگۈچە بىر - ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى . ئەمما ھېلىقى ئىشلار كاللامغا كىرىپلا ئالغان ئىدى . بۇ

ئارىلىقتا قىزنى پەقەت ئۇچراتمىدىم.

بۈگۈن مەنمۇ ۋاقىتتىن ئۆرنەك ئالغاندەك ئالدىراش هالدا ئىشقا كېتىۋاتاتتىم. ئەتراپقا قاراشقىمۇ چولام تەگمەيتتى.

— ئەپەندىم! — ئاۋازنى ئاڭلاپ قانداقتۇر بىر خىل هودۇقۇش، ئەندىكىش ئىلكىدە قەدىمىمنى توختىتىپ يانغا بۇرۇلدۇم. هېلىقى قىز سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغان ئوقۇغۇچىدەك ماڭا قاراپ تۇراتتى.

— ئەپەندىم، سىزدىن بىر ئىشنى سورىماقچى ئىدىم. ئەگەر مالال كەلمىسە ... — ئۇنىڭ ئاۋازى پەسلەپ، ئاخىرىدا يوقاپ كەتتى.

— قېنى، سوراڭ.

— ئەپەندىم، بەندىلەرنىڭ هەممىسى خۇددى تاغاق چىشىدەك تەكشى يارىتىلغان تۇرسا، نېمىشقا كۆچلۈكلەر ـ ئاجىزلار دەپ ئايرىلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى يۇتۇۋالىدۇ؟ نېمىشقا ...

ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى تۈگىمەستىنلا، كۆزلىرىدىكى ئاق دائىرىدىن هېلىقى غەيرىي ئۇچقۇن يەنە چاقناپ، بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېڭەيدى، چىشلىرى كىرىشىپ، بەدىنى جالاقلاپ تىترەشكە باشلىدى.

ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟ تەشۋىش ئىلكىدە ئۆزۈمنى ئوڭشاپ بولغۇچە، ئۇ ئاچچىق چىرقىرىغىنىچە ئالدىغا ئېتىلدى. مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا بۇرۇلدۇم.

— قۇتۇلدۇرۇڭلار! ۋايجان، ماۋۇ ساراڭنى ... ۋاي ...



ئىككى قەدەم نېرىدا سالاپەتلىك كىيىنگەن، چاچلىرى «ساراڭ» تەرىپىدىن قاماللانغان سىمىزغىنا بىرئايال ھەدەپ ۋارقىرايتتى، يۇلقۇناتتى. ئايالنىڭ يېنىدا، سىمىزلىكتىن تاشپاقىغىلا ئوخشىشىپ قالغان بىر ئەركىشى ھەيكەلدەك قېتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايى چويۇندەك كۆكەرگەن بولۇپ، قانسىز قېلىن لەۋلىرى ئۈنسىز مىدىرلايتتى، تۇرقى چاشقان تۆشۈكى ئالدىدا سەۋرىچانلىق بىلەن ئولجا كۈتۈپ تۇرغان مۈشۈككە ئوخشايتتى.

— قۇتۇلدۇرۇڭلار! ما...

— قويۇۋېتىڭ، ساراڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟

مەن قىزنىڭ قوللىرىنى ئايالنىڭ چېچىدىن ئاجرىتىشقا ھەرىكەت قىلدىم.

— ھوي ئادەم، بۇ ساراڭ بولماي نېمە؟ ۋاي بېشىم، مېنى ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان بولدى... — ئايال ئەمدى ئېرىگە مۇراجەت قىلدى، — ھەي لامزەللە، بۇ بىر نېمەڭنى بىر تەرەپ قىل، ۋايجان!...

— قويۇۋېتىڭ!

مەن پۈتۈن كۈچۈمنى ئىشقا سېلىپ، ئۇنىڭ قوللىرىنى بىر تۇتام چاچ بىلەن ئاران ئاجرىتىۋالدىم.

— ھۇ، تېگى پەس، قارغىش تەگكۈر ساراڭ، ئەسكىلىكىڭدىن ئىتنىڭ كۈنىنى كۆرۈۋاتىسەن.

قىز ئاۋۋالقى ھالىتىدىنمۇ بەتتەررەك ئەسەبىيلىك بىلەن قولۇمدىن بوشىنىش ئۈچۈن يۇلقۇنغىنىچە ئاغزىنى

پىلىموتتەك قويۇۋەتتى :
— ئاغزىڭنى يۇم ، قانجۇق ! مېنىڭ كۆڭلۈم سېنىڭكىدىن مىڭ ھەسسە ياخشى . ئۇچاڭدىكى كىيىملەرنى ئاللىقاچان نامىنى بۇلغاپ نىجاسەتكە ئايلانغان يۈرىكىڭدىن تارىغان سېسىقچىلىقنى يېپىپ كېتەلەيدۇ دەپ ئويلامسەن ؟ كىم يۇندى بەرسە شۇنىڭ يالىقىنى يالاپ ، ئادەملىكىڭنى يوقىتىپ ، تېنىڭنى ساتقان سەن ئىت بولماي ، ھالال ئەجرىم بىلەن ياشاۋاتقان مەن ئىتنىڭ كۆڭلىنى كۆرۈۋاتىمەنمۇ ؟ ھا ... ھا ...
قولاقلىرىم ۋىڭىلداپ ، نېرۋا تالالىرىم چىڭقىلىشقا باشلىدى . ئۆزۈم ھېس قىلمىغان بىر ھالەتتە قىزنىڭ پەريادى نېرۋامنى يەنە غىدىقلىدى . بۇ بىر « ساراڭ » ئىدىغۇ ؟ ئەجەبا ...
خىيالىمنى ھېلىقى ئايالنىڭ بىشەملىك بىلەن چىرقىرىشى ئۈزۈپ قويدى .
— ۋاي ئاللا ... سەنمۇ ئەر بولدۇڭمۇ ، ھوي لامزەللە ؟ سۇغا چۆشكەن مۈشۈكتەك شۈمشىيىپ تۇرماي مېڭىسەڭچۇ ! نى ئات ، نى نومۇس بۇ ...
مۆجىزە يۈز بېرىپ « لامزەللە » راستتىنلا ماڭدى :
— قىزىم ، ئاپىڭىزغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ ...
قىزنىڭ تۇيۇقسىز تەگكەن شاپىلىقى زەربىدىن سەنتۈرۈلگەن ئەر ئۆزىنى جىددىي ئوڭشىۋالدى .
— ھۇ ساراڭ ، سەن ...
— ھا ... ھا ... ھا ... ئوھ ! ھۆرمەتلىك دادا ، قىزىم دەپ ئېچىلغان ئاغزىڭىز مۇنۇ پەرىشتىڭىزنىڭ مۇبارەك

قولىرى تېگىش بىلەن يەنە يۇمۇلمىدىمۇ ؟ ! ۋاي بىچارە ... تېخى مېنى ساراڭ دەيسىزغۇ ؟ مەن ساراڭمۇ ؟ مەن تۇغۇلۇشۇمدىلا مۇشۇنداق ساراڭمىدىم ؟ سىز بىلىسىز ، دادا ، تومۇرلىرىمدا ئېقىۋاتقىنى سىزنىڭ قېنىڭىزغۇ ؟ بۇ ساراڭ قىلىدىغان دورىمىديا ؟ بۇ ئىلتىپاتنى سىز ماڭا ئاتا قىلغانغۇ ؟

— بۇ ... سىز ...

— توغرا دېدىڭىز ، دادا ، مەن ساراڭ ! دۇنيادا قىزىنىڭ ھالال جۇپتىنى تارتىۋېلىپ ، قىزىنى بەختسىزلىك گىردابىغا ئىتتىرىدىغان ئاتا ئىپلاس بولغىنىدەك ، قىزىنىڭ ئەشەددىي دۇشمىنى — يۈرەك پارىسىنىڭ قاتىلىنى ئۆزىگە خوتۇن قىلىدىغان دادىمۇ ئىپلاس بولىدۇ . تومۇرلىرىمدا ئېقىۋاتقان قېنىڭىز نەسلىڭىزنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە ماڭا شەرمەندىلىك تامغىسىنى بېسىپ مېنى مۇشۇ ھالغا كەلتۈردى . ھەقىقىي ئەر كەك دېگەن ئۆز ۋاقتىدا ئايالىنىڭ قاتىلى بولۇپ ئۆزىگە ئېرىشكەن ، ئۆز قىزىنىڭ ھالال جۈپتىگە چاڭ سېلىپ ، پۇل ئۈچۈن يەنە ئۆز يېنىغا قايتىپ كەلگەن ، ئادەملىك سۈپىتىنى يوقاتقان بىر مەخلۇق بىلەن بىر ئۆيدە ياشامدۇ ؟ سىزگە بۇ راۋا كېلەمدۇ ؟ سىز ئەر كەكمۇ ؟ ياق ، سىز ئادەم ئەمەس ، نومۇسسىز بىر ئەبلەخ ، مېنىڭ بەختىمگە چۈشكەن كۈيە . مەن سىزنىڭ قىزىڭىز بولۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن ، تىرناقلىرىم ئارقىلىق ئۆزۈمنى قىيما - چىيما قىلىۋەتكۈم كېلىدۇ ... ئاھ! دۇنيا ...

« تووۋا » دېگىنىمچە ياقامنى تۇتتۇم . كۆزلىرىم ، ئاۋۋال ساماندەك سارغىيىپ ، ئارقىدىن كۆكەرگەن ئىككى

چىرايىغا تىكىلدى .

— بۇ كەم - كۈتىسىز بىر ساراڭ ، بىز ئۇنى تونىمايمىز ، — دېدى ئايال چالۋاقاپ ، — بىز دېگەن چاقىرسا ئىچتى ، تۇتسا سېپى بار ئادەملەر تۇرساق ...

ئەمدى ئايالنىڭ ئاۋۋالقى ھالىتىنى قىز ئىگىلىگەن بولۇپ ، ئوخشىمايدىغان يېرى ، قىزنىڭ كۆزلىرىدىن ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان بىرخىل ئارىلاشما نۇر چاقناپ تۇراتتى .

ھەي ئادەملەر ، تارازىنىڭ ۋىجدانىڭلار سېلىنغان پەللىسى ئۈزلۈكسىز كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئۆزۈڭلارنى پەرىشتىدەك پاك چاغلاپ ، مەيدەڭلارغا ئۇرۇۋاتىسلەر !

ئۆزۈمنى شۇ تاپتا قاباھەتلىك بىر چۈش كۆرۈۋاتقاندەك سېزەتتىم . تاڭلايلىرىمدا بەتتام بىر تەم بار ئىدى . مەن ئەنە شۇ تەمنى كېكىرەتتىم . قىز تۇساتتىن دەھشەتلىك بىر چىرقىراپ يەردە يۇمۇلاشقا باشلىدى . مەن دەرھال بېرىپ ئۇنى يۆلىدىم . ئۇ ، قولۇمدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ ھېلىقى ئايالنىڭ ئالدىغا ئېتىلدى . نېرۋىلىرىم بۇ كۆرۈنۈشلەرگە بەرداشلىق بېرەلمىدى بولغاي ، سەزگۈلىرىم كاردىن چىققاندەك گاڭگىراپ قالدىم . ئېغىر بىرنى تىنىۋالغاندىن كېيىن ، قۇلاقلىرىمغا قىزنىڭ ئاۋازى كىردى .

— سەن مېنى تونۇمامسەن ؟ قوللىرىڭدىن ئانامنىڭ قېنىنىڭ ھىدى كەتمەي تۇرۇپ ، بالامنىڭ پاك - بىغۇبار ھاياتىغا زامىن بولغىنىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ ؟ ماڭا

ئوبدانراق بىر قارىغىنا، سېنى «ئانا» دېيىشكە كۆنمىگەن تىلىمنى يۇلۇۋالماقچى بولغىنىڭ ئېسىڭدىن چىقىپ كەتتىمۇ؟ لەۋ - يۈزلىرىمگە چۈشكەن تارتۇق - ئىزلار بۇنىڭ ئۆچمەس شاھىدى ئەمەسمۇ؟ سەن دەسلەپتە ئانامنىڭ ئورنىنى، ئاندىن مېنىڭ ئورنىمنى ئىگىلىۋالغىنىڭدىن تېنىۋالالامسەن؟ ئىرىم بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىۋاتقىنىڭدا، ئۈستۈڭلاردىن چۈشۈپ قالغىنىم ئۈچۈن مېنى مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغىنىڭ يالغانمۇ؟ ئوبدان قارا، مەن كىم؟ بىلىۋال، مەن خوتۇنىنى دەپ ھەممىدىن كەچكەن قېشىڭدىكى «ياغاچ بۇت» نىڭ قىزى، سېنىڭ ئاتاق قىزىڭ... مۇشۇلارنى خىيالىڭلارغا كەلتۈرگىنىڭلاردا پەردازلىنىۋېرىپ ئەسلى ئۆڭىنى يوقاتقان يۈزلىرىڭلار چۈمۈلە ماڭغانچىلىك چىمىلدىمىدىمۇ؟ مېنىڭ تۆرىلىشىمنىڭ سەۋەبچىسى، دادا، سىزمۇ مېنى تونۇمىدىڭىزمۇ؟ سىلەر سارائىغا چىقىرىۋەتكەن ئادەمنىڭ پۇتلىرى ساق ئىكەنلىكىنى، سىلەرنى ئىزدەپ كېلەلەيدىغانلىقىنى ئويلىمىغانمىدىڭلار؟

ئايال بىلەن ئەر ئاۋۋالقىدىنمۇ بەكرەك تاتىرىپ تۈرۈشاتتى.

— بۇ... سەن... ھىلال... بىز سېنى ساناتورىيىگە...

ئەر جۆيلىگەندەك شۇنداق دېيىشكە، ئايال ئۇنىڭغا گۆلىيىپ قاراپ قويدى.

— سىلەر مېنى ساناتورىيىگە ئاپىرىۋەتكىنىڭلار بىلەن پۇتلىرىمنى ئېلىپقالالمىغان - دە!ھا... ھا... ھا...—

قىز ئاچچىق كۈلدى.

— سەن ... ھىلال ... شۇ ... — ئەر جۆيلىگەندەك، گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي توختاپ قالدى.

ئايال بولسا ھەرىكەتسىز — قېتىپ تۇراتتى.

— راست، سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا تۇرغىنى ھىلال ئەمەس، ھىلالنى ئازاب چىقىپ ئالالىغان ئۆلتۈرۈۋەتكەن، مەن ئۇنىڭ خۇنۇك سايىسى. ئۇنىڭدا قالغىنى پەقەت ئاغرىقنى ئىچىگە يۇتۇپ يىرىڭلاپ كەتكەن بىر جاراھەتتىنلا ئىبارەت. لېكىن بىلىشىڭلار كېرەككى، روھىڭلار جىسمىڭلاردىكى نەپسانىيەت شادلىقى چۇشەندۇرگۇسىز ئىپلاسلىقلار بىلەن بىرىكىپ ھاسىل قىلغان روھىي زەھەر بىلەن زەھەرلەنمەي قالمايدۇ. شۇ چاغدا مېنىڭ كۈلكەم ئۆلۈمىڭلارنىڭ «مەرسىيە» كۈيىگە ئايلىنىدۇ. مېنى ئەمدى تونۇغانسىلەر؟ مەن ئۆلگەن ھىلالنىڭ ئورنىغا تۆرەلگەن سارالڭ. ئېسىڭلاردا بولسۇن، مېنىڭ بۇ قوللىرىم سىلەر ئۈچۈن ئەجەل سىرتمىقى!

يىراقلاۋاتقان بوغۇق كۈلكە ئاۋازى يۈرىكىمنى بىرسى سۇغۇرۇپ ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىپ، ئاچچىق تولغاندىم.

ئاھ! تەبىئەت، زېمىن ئۇلۇغ، ئىنسانلار بولسا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇلۇغ. زېمىن، ئەنە شۇ ئۇلۇغلۇق ئىچىدە يۈزلىگە دەسسەپ تۇرغان مۇنۇ مەخلۇقلارغا نەزەر كۆزلىرىڭنى سالغانسەنمۇ؟

شۇ تاپتا كۆكرەك قەپىزىمگە زەرب بىلەن ئۇرۇلۇپ

قىنىدىن چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقان يۈرىكىم مۇنداق خىتاب قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ:

ھەي ئىنسانلار، ئادەملىك سۈپىتىڭلارنى يوقاتماڭلار! ھايۋانىي تەبىئىتىڭلار غالىب كېلىپ ئېرىشكەن ھۇزۇر - ھالاۋىتىڭلاردىن ئىچكى ئەزالىرىڭلار ئازابلىنىپ، تېرەڭلار ئۇيالماسمۇ؟ شۇ ئاجىز تۇلكىلەر تېشىپ چىققان تېرەڭلارنى ھەقىقانىي قەلبلەرنىڭ نەشتەرلىك نالىسى تېشىپ ئۆتۈپ، يۈرىكىڭلارغا ئوقتەك قادالماسمۇ؟ كۆزۈڭلارنى يوغان ئېچىپ، قان - ياش ئارىلاش كۆلۈپ يۈرگەن، ئاچلىقتىن بىر پارچە نانغا زار بولۇپ سىلەرگە قول سوزۇپ تۇرغان ئاچ - يالىڭاچ «ساراڭ»لارغا قاراڭلار! ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سىلەرنىڭ ئاتا - ئاناڭلار، ئاچا - سىڭىللىرىڭلار، ئاكا - ئىنىڭلار، مەسۇمە قىز - ئوغۇللىرىڭلارمۇ بار. ئۇلار ئامەتلىكلەرنىڭ ئۆزىگە ئادەمدەك مۇئامىلە قىلىشىغا موھتاج. ئۇلار ئادەملەر ئاتا قىلىغان ئازابنى كۆتۈرەلمەي، يۈرەكلىرى لەختە - لەختە بولۇپ سەزگۈلىرىنى يوقاتقاچقا، «ساراڭ» لىق ئاتىقىنى ئالغان. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۆزىنى ساق دەپ يۈرگەنلەردىن ساق.

بىراق، ئۇلار نېمىشقا «ساراڭ» دەك كۆلىدىغاندۇ!؟

1990 - يىل ئاپرېل، ئاقسۇ

# ئاھ، زېمىن

— سىرلىرىمنى بىلىدىغان بىردىنبىر ئادەم سەن ، ئەمدى ئۇنى پاش قىلىپ ، چاۋامنى چىتقا يايماقچىمۇ ؟

چاچلىرى دەرۋىشلەرنىڭكىدەك چىگىشلىنىپ مەينەتلىشىپ كەتكەن ، چىشلىرى كىرىشىپ ، كۆزلىرى قورقۇنچلۇق چەكچەيگەن ئاۋۇت ھاكىم ئالدىمغا ئېتىلىپ كەلدى . مەن يا قېچىشنى ، يا ئۇنداق قىلمىغانلىقىمنى چۈشەندۈرۈشنى بىلمەي ، قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدىم . ھاكىم كەلگەن بويى چۈجىنى قاماللىغان سادەك كانىيىمدىن ئالدى .

— يا ... يا ... ياق !

قاتتىق ۋارقىرىغىنىمچە چۆچۈپ ئويغاندىم . بەدىنىم چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلگەن ، قوللىرىم ئۆز كانىيىمدا ئىدى . يۈرىكىم خۇددى كۆكرىكىمنى يېرىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك قاتتىق سوقۇۋاتاتتى ، گويا تاغنى يۈدۈۋالغاندەك تىنىقىم - تىنىقىمغا ئۇلاشمايتتى ، پۈتۈنلەي ھالىمدىن كەتكەن ئىدىم . ئۆي ئىچىنى سۈرلۈك جىمجىتلىق قاپلىغان ، يۈرىكىمنىڭ دۈكۈلدىشى قۇلىقىمغا ئېنىق ئاڭلىناتتى .

يوتقاندىن بېشىمنى چىقىرىپ شۇنداق قارىۋىدىم ، ئىشىك يېنىدا ئاپئاق چاچلىق بىر بوۋاي كۆرۈندى ، ئۇ كۈلۈمسىرىگەن هالدا مەن تەرەپكە قاراپ تۇراتتى . « ئەجەب ئىشقۇ بۇ ، — دېدىم ئىچىمدە ، — ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ئىشىكنى مەهكەم تاقىۋەتكەن تۇرسام ، بۇ بوۋاي ياتىقىمغا قانداق كىردى ؟ چۈش كۆرۈۋاتامدىمەنيا ؟ ... » كاللامغا چاقماق تېزلىكىدە كەلگەن بۇ خىياللار ۋۇجۇدۇمنى تېخىمۇ ساراسىمىگە سېلىپ ، هازىرلا جېنىم چىقىپ كېتىدىغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى . كۆزۈمنى دەرهال يۇمۇۋالدىم . بوۋاي بىردىنلا تەرىنى بۇزۇپ ، ماڭا يېقىنلاپ كېلىۋاتقاندەك ، هاكىمغا ئوخشاش گېلىمنى سىقىدىغاندەك قىلاتتى . كۆزۈمنى ئېچىپ ، بوۋاينىڭ چىشلىرى ئاغزىدىن چىقىپ ئۇزىراۋاتقانلىقىنى ، يەتتە باشلىق يالماۋۇزغا ئوخشىشىپ قالغانلىقىنى كۆردۈم . قاتتىق ۋەهىمە بېسىپ ، دۈم يېتىۋالماقچى بولدۇم . لېكىن هالسىز تېنىم كارىۋىتىمغامەهكەمباغلىۋېتىلگەندەكمىدىر ـ سىدىر قىلالمىدىم . قانداق كۈچ قولۇمنى ۋىكليوچاتېلنىڭ يېپىغا يەتكۈزدىكىن ، ئۇقمايمەن ، يېپنى كۈچەپ بىر تارتىۋىدىم ، ياتاق ئىچى ۋاللىدە يورۇپ كەتتى . ئەمدى هېلىقى بوۋاي كۆرۈنمەيتتى . « قورققانغا قوش كۆرۈنەر » دېگەندەك ، ئىشىك كەينىدىكى كىيىم ئاسقۇچقا كىيدۈرۈپ قويۇلغان شىلەپە ۋە ئېسىپ قويۇلغان شارپا ـ چاپانلار كۆزۈمگە « بوۋاي » كۆرۈنۈپ كەتكەن ئىكەن . مەن كىچىككىمدىن يۇقتۇرۇۋالغان بۇ قورقۇنچاقلىقىمنى ئۆزگەرتەلمەي كېلىۋاتاتتىم .

بىر دەمدىن كېيىن ، قاتتىق قارا باسقانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ ، يۈرىكىم قىنىغا چۈشتى ، يېنىك « تىن » ئالدىم . يىراق - يېقىنلاردىكى خورازلارنىڭ كەينى - كەينىدىن چىللاشلىرى قۇلىقىمغا كىردى . سائەتكە قارىسام ، بەشتىن چارەك ئۆتۈپتۇ ، تاڭ ئېتىشقا تېخى خېلى ۋاقىت بار ئىدى . چىراغنى ئۆچۈرگۈم كەلمەي يوتقانغا قايتىدىن يۆگەندىم ، ئەمما ئۇيقۇم كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى . « مەرھۇم ھاكىمنىڭ روھى قورۇنغان چېغى ، — دېدىم ئۆز - ئۆزۈمگە ، — دېمىسىمۇ ئۇنى يەرلىكىدە قويۇپ قايتىپ كەلگەندىن بۇيان قەبرىستانلىققا بىر قېتىممۇ يوقلاپ بېرىپ باقمىدىم ، مانا ، توپتوغرا 63 كۈن بولۇپتۇ . ئۆزۈڭگە شۇنچە ياخشىلىق قىلغان ئادەمنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلماسلىق ، قەبرىسىنى يوقلاپ قويماسلىق ھەقىقەتەن تۇزكورلۇق ئەمەسمۇ ؟ »

بۈگۈن پەيشەنبە ئىكەنلىكى ئېسىمگە كېلىپ ، چاچراپ ئورنۇمدىن تۇردۇم - دە ، مەرھۇمنىڭ تۇپراق بېشىغا بېرىش نىيىتىدە ئالدىراپ كىيىندىم .

مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان مىنۇتلار ئەبەدىي ئېسىمدىن چىقمايدۇ . مەن تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەچكە مەھەللەمگە قايتىپ دېھقان بولدۇم . ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا ئەدەبىيات دەرسىگە بەكرەك قىزىقاتتىم ، ھەۋەسىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇنى - بۇنى يېزىپمۇ قوياتتىم . دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان مەزگىللەردىمۇ بۇ ئادىتىمنى تاشلىماي كېلىۋاتاتتىم . كۈندۈزلىرى ئېتىز -

ئېرىقنىڭ ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولسام، ئاخشاملىرى بىر نەرسىلەرنى يېزىپ تۇراتتىم.

جاپالىق مەشىق ئاخىر ئۇنۇم بەردى. ئۆز يېزامنىڭ ئىسلاھات مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن بىر پارچە ماقالەم ۋىلايەت گېزىتىگە بېسىلدى.

بىر كۈنى يېزا باشلىقى ئاۋۋۇت ساۋۇتنىڭ ئىشخانىسىغا چاقىرتىلدىم.

— ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئۇ ئۇدۇلدىكى ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ، بۆلەكچە خۇشال هالدا، — ماقالىنى ياخشى يېزىپسىز. يېزىمىزنىڭ گېزىتكە چىقىشى تۇنجى قېتىم...

تېلېفوننىڭ ئەنسىز جىرىڭلىشى سۆھبەتنى ئۈزۈپ قويدى.

— رەھمەت، شاگجاڭ، مەن قايتاي، — دېدىم ئورنۇمدىن قوزغىلىپ، تېلېفون سۆھبىتىگە دەخلى بولماسلىق ئۈچۈن، چىقىپ كەتمەكچى ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرۈپ.

يېزا باشلىقى جاۋابەن باش لىڭشىتىپ قويدى.

باشلىقنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى ۋە شارائىت يارىتىپ بېرىشى نەتىجىسىدە، ئىككى ئايغا يەتمىگەن ئارىلىقتا ئۆز يېزام ھەققىدە يېزىلغان سەككىز پارچە خەۋەر ـ ماقالەم ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون گېزىتلىرىدە ئېلان قىلىندى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن يېزا باشلىقى يەنە بىر قېتىم ئىشخانىسىغا چاقىرتتى.

— سىز بۈگۈندىن باشلاپ مۇشۇ ئىشخانىدا كاتىپ بولۇپ ئىشلەيسىز، — دېدى ئۇ توغرىدىن توغرىلا.

مەن كۈتۈلمىگەن بۇ ئامەتتىن گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇشال بولدۇم. قىلىدىغان ئىشىم يېزا باشلىقىغا سۆز تېپىشتى، دوكلات يېزىپ بېرىش، يىغىن خاتىرىسىنى رەتلەش ئىدى. يېزا باشلىقىنىڭ قول ئاستىدىكىلەرگە دەپ بېرىشىچە، مەن ئاغزىم چىڭ، رەھبەرلىككە سادىق ئادەمكەنمەن. بۇ ماختاشلارنى ئاڭلاپ سۆيۈنۈپ كەتتىم. يېزا باشلىقى مېنى چوڭ يىغىن ھەتتا زىياپەتلەرگىمۇ ئېلىپ بارىدىغان بولدى. مېنىڭ قوشۇمچە ۋەزىپەم يېزا باشلىقىنىڭ ھەر قايسى كەنتلەردىكى خۇپىيانە كالا، قوي، ياغاچ ـ تاشلىرىنى يۆل قىلىپ ئۇنىڭ قولىغا سادىقلىق بىلەن تەگكۈزۈش ئىدى. بېشىمنى سىيلاپ، ئاتىدارچىلىق قىلىۋاتقان نىجاتچىمغا بولغان بۇنچىلىك خىزمەتنىڭ كارايىتى چاغلىقتە!

كۈتۈلمىگەندە يېزا باشلىقى ئاۋۇت ساۋۇت ناھىيىگە ھاكىم بولۇپ يۆتكىلىپ كەتتى. « باشقا ئەگىشىپ قاش » دېگەندەك ئۇ ھاكىملىق مەنسىپىگە دەسسىگەندىن كېيىنمۇ مېنى تاشلىۋەتمىدى، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي تېخىمۇ چوڭراق ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كاتىپلىقىغا يۆتكىدى.

قىسمەتنىڭ تەتۈرلۈكلىرىنى ئويلىسام، « ياخشىغا كۈن يوق، يامانغا ئۆلۈم » ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ قالىمەن. ئاۋۇت ھاكىم مەنسەپكە ئولتۇرۇپ، ئىشلارنى « كېسىپ ـ كېسىپ » بىر تەرەپ قىلماقچى بولۇۋاتقاندا ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈمىگە خوتۇن ـ باللىرى ۋە تۇغقانلىرىدىن كۆرە، مەن بەكرەك قايغۇردۇم.

رەھمەتلىكنى ئويلىساملا كۆزلىرىمدىن ياشلار سەلدەك ئاقاتتى.

«ئۆزى يوقنىڭ يۈزى يوق» دېگەن گەپ راست ئىكەن. ئاۋۇت ھاكىمنىڭ كىرپىكىگە توپا قونماي تۇرۇپلا، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە ئىدارىسى مەرھۇم ئۈستىدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ بازار ئىچىگە سالغان ئالتە ئورۇندىكى ئۆي - جايىنىڭ بەشىنى مۇسادىرە قىلدى. مېنىمۇ بىلگەنلىرىڭنى ئاشكارىلايسەن دەپ خېلى قىستىدى. ئەمما ئاغزىمنى پەقەت ئاچمىدىم. خۇدا چوڭ ساقلاپتۇ، مۇبادا «ئاغزى بوشلۇق» قىلغان بولسام، مەرھۇمنىڭ روھى بۇگۈن كېچە مېنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلغىلى ئېلىپ كېتەركەن...

مەن خىياللار قاينىمىدا چۆكۈپ - لەيلەپ، قەبرىستانلىقتا كېلىپ قالغىنىمنى تۇيماي قاپتىمەن. تاڭ تېخى تولۇق يورىمىغان ئىدى. بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن قەبرىلەر تېنىمنى شۈركەندۈرەتتى. قاتتىق سۈر باسقانلىقتىن، قەبرىستانلىقتا ئىچكىرىلەپ كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي تۇرغىنىمدا، قۇلىقىمغا كىشىلەرنىڭ ئاياغ تىۋىشى ھەمدە ئۆزئارا سۆزلىشىۋاتقىنى ئاڭلاندى. ئاۋاز بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا ئىدى.

ھايالشمايلا گۆركار بىر قانچە ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ يېتىپ كەلدى. ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۈم.

— زادى يەرلىك يوق، — دېدى گۆركار قەبرىلەرنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، — دىنىي ئىشلار

ئىدارىسىغا تولا دەپ ئاغزىمنىڭ بىر قات تېرىسى چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار ئەمدى يەر ئاجرىتىپ بىرەلمەيمىز دەپلا گەپنى تۈگەتتى. ئۇنىڭدىن كۆرە، كىشلەرگە «ئۆلۈشكە رۇخسەت يوق» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرسە بولمامدۇ؟

مەن بۇ گەپنىڭ ئورامىدىن گۆركارنىڭ كەينىگە كىرىۋالغان بۇ ئادەملەرنىڭ يەرلىك تەلەپ قىلىپ كەلگەنلەر ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

— بىر ئامال قىلساق بولاتتى، — دېدى ئۇلاردىن بىرى، — بامداتقا ئۆلگۈرتمەكچىدۇق.

— باياتىن ئېيتتىمغۇ، پەقەتلا يەر يوق!

گۆركار كېسىپلا جاۋاب بەردى. شۇ چاغدا ھاجەتمەنلەردىن بىرى قولچىرىغىنى يېنىمىزدىكى پاكار تام بىلەن قورشىۋېلىنغان يەرگە توغرىلىدى:

— مانا بۇ يەردە بىرمۇ قەبرە يوق ئىكەنغۇ؟

— ھەي... بۇ دېگەن مۇئاۋىن ھاكىم ئۆزى ۋە تۇغقانلىرى ئۈچۈن ئىگىلەپ قويغان يەر.

— ئاۋۇ چۇ؟ — دېدى قولچىراغلىق ئادەم بايىقى قورشاۋنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى يەنە بىر دائىرىنى كۆرسىتىپ، — بوش بولغاندىكىن دەرھال بىر يەرلىك كولىمايلىمۇ؟

— ياق، بولمايدۇ! بۇ يەرنى كادىرلار ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىگىلەپ قويغان. مېنى تەڭلىكتە قويماڭلار. بوش يەر يوق دېدىم يوق. ئاۋۇ نېرىدىكىسى سىياسىي كېڭەشتىكى سەمەت جۇرېن ئىگىلەپ قويغان يەر.



گۆر ھاجەتمەنلىرى گۆركارنىڭ گېپىگە چىنپۇتمەي ئۇنى ئالدىغا سېلىۋېلىپ، ھېلىقىدەك قورشىۋېلىنغان بوش يەردىن يەنە بىر نەچچىسىنىڭ سوئال - سورىقىنى قىلدى. قەبرىستانلىقتىكى بوش يەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىگىسى بار بولۇپ چىقتى. بۇ « قانۇنىي ئىگە » لەرنىڭ كۆپىنچىسى مۇئاۋىن باشلىقلار ئىدى. مەن ئىچىمدە: مۇئاۋىنلار ئاخىرەتنىڭ غېمىنى يەپ بۇنچىلىك يەر ئىگىلىگەن بولسا، رەسمىي باشلىقلارنىڭ ئىگىلىگەن يېرى قانچىلىكتۇ، دەپ قالدىم.

— ئۇنچىۋالا چاپان يېپىپ كەتمىسىلە، — دېدى ھېلىقى قولچىراغلىق ئادەم گۆركارغا، ئاچچىقىنى تەستە باسقان ھالدا، — بۇ قەبرىنىڭ يېنىدىن بىر كىشىلىك ئورۇن چىقىپ قالار!

— بۇ مەرھۇم ئاۋۇت ھاكىمنىڭ.

— نېمە؟! — بۇ سوئالنىڭ ئاغزىمدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالدىم.

مۇبادا بۇ كىشىلەرگە ئەگىشىپ ماڭمىغان بولسام ئاۋۇت ھاكىمنىڭ قەبرىسىنى تاپالماس ئىكەنمەن. ئۆلۈم ئۇزاتقان كۈنى ۋۇجۇدۇمنى قايغۇ - ھەسرەت ئىلكىگە ئېلىۋالغاچقا ئەتراپقا ئوبدان قارىۋالمىغىنىم ئېسىمگە كەلدى.

— بۇ يەردە بوش ئورۇن بار دەك قىلىدۇ، سىدىق مۇئەللىمنى مۇشۇ يەردە قويساقمىكىن، — دېدى ئۇلاردىن بىرەيلەن.

— بوش ئورۇن بولىشىغۇ بار، لېكىن ...

گۆركارنىڭ تەلەپپۇزىدىن « بولىدۇ » دېگەندەك مەنا چىقاتتى . مەن ئۇنىڭ ئاغزىدىكى گەپنى تارتىۋالدىم ـ دە :

ــ بولمايدۇ ! ــ دېدىم غەيرىي نورمال كەسكىنلىك بىلەن ئاۋۇت ھاكىمغا بولغان ساداقىتىمنى ئىپادىلەپ .

ئۇلار ئاۋازىمدىن چۆچۈگەندەك تېگىرقاپ قېلىشتى . ئاندىن تامىقىنى چىكىلداتقىنىچە قەدەملىرىنى يۆتكەشتى . ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قارىغىنىمچە سىدىق مۇئەللىمنى ئەسكە ئالدىم . رەھمەتلىكنىڭ سىماسى كۆز ئالدىمغا كېلىپ « لاسسىدە » بوشاشتىم . سىدىق مۇئەللىم ماڭا ئەدەبىيات دەرسى بەرگەن ، ماقالە يېزىشنى ئۆگەتكەن ئەمەسمىدى ! ؟ مەرھۇم ئاۋۇت ھاكىممۇ : « سىدىق مۇئەللىم بىزگە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى سىڭدۈرگەن ، ئۇ ھەقىقەتەن ۋىجدانى كۈچلۈك ئادەم ئىدى ... » دەپ ياخشى تەرىپىنى كۆپ قىلاتتى . ئۇنىڭ دەرس ئۆتۈش مېتودى ئوقۇغۇچىلارنى ئاغزىغا قارىتىپلا ئالاتتى . ئوقۇغۇچىلارغا دائىم سەمىمىيلىك بىلەن : « ۋەتەننى سۆيۈش كونكرېت جەھەتتىن يۇرتنى سۆيۈش دېمەكتۇر . ئۆز يۇرتىنى ، ئانا تۇپراقنى سۆيمىگەن ئادەمنى ھەقىقىي ئادەم دېگىلى بولمايدۇ ! » دەيتتى . رەھمەتلىكنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن .

مەن ئاۋۇت ھاكىمنىڭ قەبرىسى ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئىككى ئالقىنىمنى جۈپلىگەن ھالدا خېلىغىچە دۇئا قىلغاندىن كېيىن ، قەبرىنى دائىرىگە ئالغان بىر مېتىر ئېگىزلىكتىكى قاشاغا كۆز يۈگۈرتتىم . شۇ ئان كۆڭلۈمدىن

«ئەگەر قازا يېتىپ ھاكىمنىڭ كەينىدىن بارسام مۇشۇ دائىرە ئىچىدىن بىر كىشىلىك ئورۇن تېگەرمۇ؟» دېگەن پىكىر كېچىپ، شۇركىنىپ كەتتىم.

يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى قەبرىستانلىق ئىشىغا ئارىلاشقاچقا، كىشىلەر ئاخىرەتلىك يەرنىمۇ ئۆز ئىمتىيازىغا قاراپ ئىگىلىۋېلىشقان ئىدى. مەن مۇھىم بىر ئىشنى ئەستىن چىقارغىنىمغا ئۆكۈنۈپ، ھېلىھەم بولسىمۇ يەرلىك زېمىن ئىگىلەپ قويۇشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم.

مەن قەبرىستانلىقتىن يانغاندا تاڭ ئېتىپ، ئاسماننىڭ شەرقى ئوتقاشتەك قىزارغان ئىدى. يولدا سىدىق مۇئەللىمنىڭ تاۋۇتىنى ئېلىپ كېلىۋاتقانلار بىلەن دۇقۇرۇشۇپ قالدىم.

«ھەي مۇئەللىم، — دېدىم ئۆز - ئۆزۈمگە پىچىرلاپ، — شاگىرتلىرىڭىزنىڭ ‹ئانا تۇپراقنى قەدىرلەش ئېڭى› چېكىگە يېتىپ قەبرىستانلىقنىمۇ ئىگىلەپ بوپتۇ. ئەمدى سىز نەدە ياتارسىز؟»

تاۋۇتنىڭ كەينىدىن كېتىۋاتقانلار ھەقىقەتەن كۆپ بولۇپ، ئۇلار ئىچىدە ئوقۇغۇچىلارمۇ بار ئىدى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ قاتارىغا قوشۇلدۇم. كېتىۋېتىپ: «بۇ ‹ۋەتەنپەرۋەر›لەر قەبرىستانلىقتىكى بوش ئورۇننىمۇ قويماي ئىگىلىۋېلىشسا، ئۆلگەندە نەدە ياتارمەن؟ ئەۋلادلىرىمچۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ، بۇ گۇنالا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا بېرىپ يەرلىك ئىگىلەش قارارىغا كەلدىم.

1992 - يىل، ئاقسۇ

# مېنىڭ بەختىم نەدە

— ئوغۇل بالىمۇ سەندەك لامزەللە بولامدۇ ! — دىدى دادام يەنە كايىپ ، — ئۆيلەپ قوياي دىسەم ، بىر ھەپتىدىن بۇيان زۇۋان سۇرمەيسەنغۇ ؟

دادام تەرساراق ئادەم بولغاچقا ، قارىشىمنى ئىپتىشقا جۈرئەت قىلالماي ، مۆشۈكتىن قورققان كەپتەردەك شۈمشىيىپ يۈرەتتىم . بىزدە : « بىلگەن يولۇڭنى ئاتاڭغا بەرمە » دەيدىغان گەپ بار . ئىش چىڭىغا چىققاندا ، مەقسىتىمنى ئېيتماي بولمىدى :

— دادا ، مەن ئەمدىلا 18 ياشقا كىرگەن تۇرسام ...

— كالۋا ! — دادام گېپىمنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىمايلا چالۋاقىدى ، — مەن ئاناڭ بىلەن توي قىلغاندا 14 ياشتا ئىدىم .

— شۇنداق، بالام، — دېدى ئانامغۇ دادامنىڭ گېپىنى تەستىقلاپ، — دادالاڭ توغرا ئېيتىدۇ.

ئەمدى بىر نېمە دېيىشىنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. دادامغا ھاكىملىق بەخشەندە بولمىغاندىكىن، بىلىم ئاشۇرۇپ يارامىلىق ئادەم بولۇشۇمغا يول قويسا بولمامدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈشۈمگىلا ناھىيە ئىچىدىن بىر ئوبدان خىزمەت تېپىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغىنىغىمۇ مىڭ شۈكرى. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كەلگەنلەر يېزىدىن ئاران خىزمەت تېپىۋاتقان يەردە، دادامغا ھەر قانچە تەشەككۈر ئېيتسام ئەرزىيدۇ. دۇنيادا ئۆز پەرزەنتىنىڭ بەختىنى ئويلىمايدىغان ئاتا - ئانا بولمىسا كېرەك. ئۇلار مېنىڭ قوشۇلغىنىمنى ئاڭلاپ قەۋەتلا خۇش بولۇشتى.

— يارايسەن! — دېدى دادام دولامغا شاپىلاقلاپ، — ئوغۇل بالا دېگەن ئۆيلىنىمەن دەپ تۇرۇش كېرەك.

بۇ، دادامنىڭ مېنى تۇنجى قېتىم ماختىشى ئىدى.

توي تەييارلىقى بىر ئاي بۇرۇن باشلاندى. دادام - ئانامنىڭ بىرلا، يەنە كېلىپ ئارزۇلۇق ئوغلى بولغىنىم ئۈچۈن، توي مەرىكىسىنى ئالاھىدە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ئويلىغاندۇ. يىراق - يېقىندىكى ئۇرۇق - تۇغقانلاردىن تارتىپ دادامنىڭ تونۇش - بىلىشلىرى ھەتتا پۈتكۈل ناھىيە خەلقى تويۇمغا تەييارلىق قىلىۋاتقاندەك ئىدى. لېكىن كىم بىلەن توي قىلىدىغانلىقىمنى بىلمەيتتىم. ئاخىر دادامدىن سوراشقا مەجبۇر بولدۇم:

— دادا، ماڭا كىمنى ئېلىپ بېرىسلەر؟

— ئەمدى ئالدىراپ كېتىپسەنغۇ ؟ — دېدى دادام كۈلۈمسىرەپ ، — ئەتە توي خېتى ئالغىلى بارغاندا بىلىسەن .

دەرۋەقە مەن توي قىلىدىغان لايىقنى « نىكاھلىنىش گۇۋاھنامىسى » ئالغىلى بارغاندا كۆردۈم . ئۇ يەككە تىجارەتچىنىڭ قىزى بولۇپ ، ئەمدىلا 16 ياشقا كىرىپتۇ ، ھەقىقەتەن چىرايلىق دېگۈچىلىكى بار ئىكەن . ئۇياتچان كۆزلىرىگە بىر قاراپلا ، ماڭا ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولالايدىغانلىقىغا ئىشەندىم . ئىككىمىز يېقىن ئولتۇرۇپ سۈرەتكە چۈشۈپ ، توي خېتى ئېلىپ بولغۇچە ئۈنچىقىشمىدۇق . قارىغاندا ، بولغۇسى ئايالىم مەن بىلەن توي قىلىشقا رازى ئەمەستەك كۆرۈنەتتى . دادام ھەممە ئىشنى توغرىلاپ قويغان بولسا كېرەك ، توي خېتى بېرىدىغان خادىم مېنىڭ ئىسمىمنى سورىغاندىن باشقا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايلا « گۇۋاھنامە » لىرىمىزنى قولىمىزغا تۇتقۇزۇپ قويدى .

توي ھەقىقەتەن ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈلدى . قاتار تۇرۇپ كەتكەن كىچىك ماشىنىلار ھەددى - ھېسابسىز ئىدى . ھەممىدىن قىزىقارلىقى موللام نىكاھ ئوقۇغاندا ، مەندىن سوراپ بولغۇچە « قوبۇل قىلدىم » دەۋەتكىنىم بولدى . بىز ئىنسان ئۆمرىدىكى تۇنجى لەززەتلىك كېچىنى ئۆتكۈزگەندىن باشلاپ ، سۆزلەشتۇق ، سىرداشتۇق ، كۆز قاراش ۋە مىجەز - خاراكتېر جەھەتتە ماسلىشالايدىغانلىقىمىزنى ھېس قىلىشتۇق . بۇ ، تويدىن كېيىنكى مۇھەببەتلىك ھايات ئىدى .

ھەش ـ پەش دېگۈچە 5 ـــ 6 ئاي ئۆتتى. بىز بىر ـ بىرىمىزگە ھەققەتەن ئامراق چىقتۇق، ئىشتىن چۈشۈپ كۆرۈشكۈچە كۆزلىرىمىز تۆت بولاتتى. ئىككىمىزنى بىر ئىدارە، بىر ئىشخانىدا ئىشلەيدىغان قىلىپ قويۇش ھەققىدە دادامغا يالۋۇرسام، نېمە سەۋەبتىندۇر ئىنكاس قايتۇرمىدى.

تويدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئىلگىرى خانىشنىەك ئولتۇرىدىغان ئانام ھويلىمىزدىكى ئۆيگە كوچا تەرەپتىن ئىشىك ئېچىپ، ئۇنىڭغا ئېقىنات ماگىزىن قىلىۋالدى، ئايال خىزمەتكارىنىمۇ ئائىلىسىگە قايتۇرۇۋەتتى، تاماق ئېتىش، كىر يۇيۇش، ئۆي تازىلاش، دادامنى كۈتۈش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىچارە ئايالىمغا قالدى. ئۇ بۇنداق مۇشكۈلات ئالدىدا ۋايساش تۇگۇل ھەممىسنى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم دەپ بىلىپ، بىجانىدىللىق بىلەن بەجا كەلتۈرەتتى. ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كىرىشىم بىلەن ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالغان ئىدىم:

ـــ چارچىدىڭىزمۇ ؟

ـــ سىزنى كۆرسەملا ھاردۇقۇم چىقىدۇ.

ئۇنىڭ شۇنداق دەپ پىسىڭىدە كۈلۈپ قويۇشى ئامراقلىقىمنى ئاشۇرسىمۇ، تۇرقىدىكى چارچاش ئالامەتلىرى ئىچىمنى ئاغرىتاتتى. مەن ئۇنىڭ مەڭزىگە تاتلىقىنا سۆيۈپ قويۇش بىلەن تەسەللى بېرەتتىم. بۇنىڭدىن باشقا ئامالىممۇ يوق ئىدى. دادامنىڭ مىجەزىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى تۇگىمەس ئىشلاردىن قۇتۇلدۇرۇش قولۇمدىن كېلەتتىمۇ ؟ ئەپسۇسلىنارلىقى، ئايالىم « ياخشى

كىلىن » بولۇش كويىدا شۇنچە جاپا چېكىۋاتسىمۇ ، ئانام بىلەن دادامنىڭ ئۇنىڭغا قارىتا قوپاللىقىنى كۆنسېرى كۈچەيتىشى ئىدى .

بىر كۈنى ئىشتىن كېلىپ ئۆيدە ماتېرىيال كۆرۈپ ئولتۇراتتىم ، دادامنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ ، چىرايىنىڭ تولىمۇ سۇرلۇك تۇس ئالغىنىنى كۆردۇم .

— گېپىڭىز بارمىتى ، دادا ؟

— ئاناڭ ئىككىمىزنىڭ پىكرىگە قوشۇلامسەن ؟

— ئايالىمنى مەن بار ئىشخانىغا يۆتكەپ قويىدىغان ئىشقىمۇ ؟ ...

— ئاغزىڭنى يۇم ! — دادامنىڭ غەزەپلىك ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتتىم ، — سەندىن مەسلىھەت ئېلىۋاتقىنىمىز يوق ، بىز قارار قىلغان ئىشقا چوقۇم قوشۇلۇشۇڭ كېرەك !

قىيىن تېپىشماققا دۇچ كەلگەن كىچىك بالىدەك دادامنىڭ ئاغزىغا تىكىلدىم .

— خوتۇنۇڭنى قويۇۋەت !

قۇلىقىمغا ئىشەنمەي قالدىم . دادام شۇنداق پەرۋاسىز هالدا تاماكا تۇتاشتۇرۇشقا تۇتۇنغان ئىدى . بېشىمغا بىر چېلەك مۇزلۇق سۇنى قۇيۇۋەتكەندەك ئەندىكىپ ۋۇجۇدۇمغا تىترەك ئولاشتى . هۇجرامغا قانداق چىققىنىمنى بىلمەيتتىم .

— نىمە بولدىڭىز ؟ — ئايالىم هەيرانلىق ئىلكىدە سورىدى ، — مىجەزىڭىز يوقمۇ ؟

مەن نېمە دېيەلەيتتىم ؟ پەقەت باش چايقاش بىلەنلا كۇپايىلەندىم .

ئىككى كۈندىن كېيىن ، دادام يەنە يېنىغا چاقىرىپ ، قول ئاستىدىكىلەرگە ئىش ئورۇنلاشتۇرغاندەك تەلەپپۇزدا ئېيتتى :

— ئاۋۇ خوتۇننى بۇ گۈنلا ئۆيدىن قوغلىۋەت !

— دادا ، ئۇ ھېچقانداق سەۋەنلىك ئۆتكۈزمىگەن تۇرسا ؟ نېمىشقا ئەمدى ...

— ئاغزىڭنى يۇم ! — دادام ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كاچىتىمغا « پاس - پۇس » ئىككى تەستەك سالدى ، — ماڭا گەپ ياندۇرۇۋاتامسەن تېخى !

مەن دادامنىڭ بالىسى بولغىنىم بىلەن ، كونۇپكا ئارقىلىق باشقۇرىدىغان ماشىنا ئادىمى ئەمەستە ! مېنىڭمۇ ئۆز قارىشىم بار .

— مەن ئاجراشمايمەن ! — كەسكىن تۇردە شۇنداق دېدىم - دە ، يۈگۈرگەن پېتى ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم .

دادامنىڭ يولسىزلىقى ئالدىدا ئايالىمنى ئېلىپ بۇ ناھىيىدىن يىراق يۇرتلارغا چىقىپ كېتىش قارارىغا كەلگەن ئىدىم . ئايالىممۇ مەندىن ئايرىلىشقا چىدىمايتتى . لېكىن دادام ھاكىملىقىنى ئىشلىتىپ ، ئىدارە باشلىقىم ئارقىلىق بىسىم ئىشلەتكەچكە ، مۇددىئانى رېئاللاشتۇرۇش مۇمكىنچىلىكى بولمىدى . ئايالىمدىنمۇ ھەر تەرەپلىمە سانجىقلار ئارقىلىق « ماقۇللۇق » ئېلىشىپتۇ . دېمەك ، بىزنىڭ بەختلىك ئائىلىمىز ھوقۇقنىڭ زورلۇق كۈچى

ئالـدىـدا بـەربات بولدى . ھاياتىمىزنى بولسا ئۈمىدلا ساقلاپ قـالـدى . ئايـالـىم بىلەن ياش تۆكۈشۈپ ئايرىلدۇق . دادام ئۇنى ئاپىرىپ قويۇشقا شوپۇرىنى بۇيرۇدى .

شـۇ كـۈنـدىـن ئېـتـىبارەن ھۇجرام ماڭا دوزاختەك بىلىنىدىغان ، كېچىلىرى ئۇتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ ئۇخـلـىيالمايدىغان ، گاھىدا ئۆندەرەپ تۇرۇپ كېتىدىغان ، ئۆز ـ ئۆزۈمگە ساراڭدەك سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدىم .

ئارىـدىـن بىـرەر ئاي ئۆتـە ـ ئۆتـمـەيلا مېنى يەنە ئۆيـلـەپ قـويـماقـچى بـولـۇشـتـى . ئەمـدى دادامـنـىڭ كـونـتـرولـلـىـغـۇچ بـىـلـەن باشقۇرىدىغان ماشىنا ئادىمىگە ئايلانـغـان ئـىـدىـم . بـۇ قـېـتـىـمقىسى مېنىڭ تويۇممۇ ياكى بـەخـتـلـىـك تۇرمۇشۇمنىڭ دەپنە مۇراسىمىمۇ ماڭا بەرىبىر ئـىـدى . تـۇنـجـى ئايـالىم ۋە تۇغۇلۇش ئالدىدا تۇرغان بالام زادىلا ئېسىمدىن چىقمايتتى .

ماڭا ئېلىپ بەرمەكچى بولۇشقىنى تولۇق ئوتتۇرىنى يېڭىلا پۈتتۈرگەن ، چىرايلىق دېگۈچىلىكى بار قىز ئىكەن . ئەجـەبـا ، ئۇ نـېمىشقا مەندەك بىر ئۆيلەنگەن ۋە دادا بولۇش ئالـدىـدا تـۇرغان ، ئائىلىدە گېپى ئۆتمەيدىغان « لامزەللە » بـىـلـەن تـوي قـىـلـىشقا قوشۇلغاندۇ ؟ بەلكىم ئۇنىمۇ دادام بـىـلەن قۇدىلىششقا ھېرىسمەن ئاتا ـ ئانىسى زورلىغاندۇ !

تـوي ئاخـىـرلـىـشىپ ، ئۈچىنچى كۈنى دادام بىلەن ئانامنىڭ ياندىكى ئۆيدە پىخىلداپ كۈلۈشۈۋاتقىنى قۇلىقىمغا كـىـردى . ئىشىككە يېقىنلاپ قارىسام ، ئۇلار تويغا چۈشكەن پۇل ۋە سوۋغاتلارنى ھېسابلاۋېتىپتۇ .

— ئەمـدىـغـۇ چـۈشـەنگەنسەن ، خوتۇن ، — دادام

ئانامغا مەغرۇرانە تەلەپپۇزدا ئېيتتى ، ــــ مۇشۇنداق قىلساق كاۋاپمۇ ، زىخمۇ كۆيمەيدۇ .

ــــ لېكىنزە ، شۇ بىچارە ئوغلىمىزنىڭ بەختى ...

ــــ كالۋا ! ــــ دادام ئانامنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى ، ــــ بەخت دېگەن ئالدىڭدا تۇرغان مۇشۇ بايلىق .

ئۇلارنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەندىم . ئۇلار توي ئارقىلىق مال ـ دۇنيا توپلاشقا كىرىشىپتۇ ، مېنى « كوزىر » قىلىۋاپتۇ . مەن بايلىقنىڭ ۋاستىسىگە ئايلىنىپ قالغان بولسامۇ ، ئاللا ئىگەم خوتۇندىن تەلىيىمنى بەرگەن ئوخشايدۇ . ئىككىنچى ئايالىم بىلەنمۇ ئوبدانلا قاملىشىپ قالدىم . ئۇ چىرايلىق بولۇپلا قالماي ، ئىشچان ھەم كۆيۈمچانلىقى ئارقىلىق كۆڭلۈمنى رام قىلىۋالدى ، تۇرمۇشۇم ئىزىغا چۈشكەندەك بولدى . بىراق ، بۇ ئايالىمنىڭمۇ ئالدىنقىسىدەك تەقدىرگە دۇچار بولۇشىدىن ئەنسىرەيتتىم . ئىش دەل ئويلىغىنىمدەك بولدى .

دادامنىڭ يولسىزلىقى ئۈستىدىن يۇقىرىغا ئەرز سۇنماقچى بولدۇمىيۇ ، يەنە ئويلىنىپ قالدىم . دادامنى ئەسكى قاتارىغا چىقارسام،باشقىلار ياخشى دادىسىنىمۇ ئاگابەرمەيدۇ ـ دە ! دادام بۇ بايلىقلارنى كىم ئۈچۈن يىغىدۇ ؟ كۆپ ئۆيلىنىش مېنىڭ ئىجادىيىتىم ئەمەس ! بۇلارنى ئويلاپ نىيىتىمدىن يالتايدىم . يەنە نەچچە قېتىم ئۆيلىنىپ ـ ئاجرىشىشىمنى بىلمەيتتىم . ئادەم دېگەن ھەممىگە كۆنۈپ كېتىدىغانلىقى ئېنىق .

ھەر قانداق ئىشنىڭ چېكى بولىدىكەن ، چەككە يەتكەندە ئەكسىگە قايتىدىكەن . يۇقىرىدىن قوزغالغان پارتىيە ئىستىلىنى تۈزەش ، پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش ، ناتوغرا قىلمىشلارغا زەربە بېرىش كۈرىشىنىڭ شامىلى

ناھىيىمىزگە يېتىپ كېلىش بىلەنلا دادامنى تەۋرىتىپ قويدى. بەزىلەر ئىشلىرىنى دادام ئارقىلىق ھەل قىلىۋېلىپلا «يۈزسىز» لىك بىلەن ئەرز قىلىشىپتۇ. بىچارە دادام يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك بوشاپلا كەتتى، ھېچقايسىمىزغا گەپ قىلىشقا رايى بارمايتتى، ھاكىملىقتىنمۇ قۇرۇق قالدى.

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، دادام ئەمدى مېنى ئۆيلەش توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدى. راستىنى ئېيتسام، بويتاقلىق تۇرمۇش ھەقىقەتەن تەس كېلىدىكەن. ھەممىدىن كېچىنىڭ غېرىبچىلىقى يامانكەن. ئاجرىشىپ كەتكەن ئاياللىرىمدىن بىرەرسى بىلەن يارىشۋالاي دېسەم، ھەممىسى قايتا ياتلىق بولۇشۇۋاپتۇ.

بىر كۈنى ئانام كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ دېدى:

— بالام، داداڭ ئىككىمىز ئالدىڭدا خىجىل، بىر ئوبدان تۇرمۇشۇڭنى بۇزۇۋەتتۇق. سېنى ئۆيلەپ قويۇش ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ، بىر لايىق تاپقان ئىدۇق. بەش نىكاھلىق بولغان چوكانمىش، تويلىقى ئانچە ئېغىر ئەمەس. ئۆزۈڭ بىلىسەن، داداڭنىڭ ئىشى بىر تەرەپ بولغۇچە سورۇلۇپلا كەتتۇق.

دادام بىلەن ئانام قىلغان ئىشلىرىغا پۇشايمان يېگەن تۇرسا، ئۇلارنىڭ گېپىگە كىرمەي رەنجىتىشنى خالايتتىممۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە دادام مۇشۇنداق ئەھۋالدا تۇرغاندا تەلىپىنى رەت قىلىش ئېچىشقان يەرگە تۇز سەپكەندەك ئىش بولاتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئۆزۈمدىن 7 — 8 ياش چوڭ، ئانامدىن ئازراقلا كىچىك كېلىدىغان خۇماخان بىلەن توي قىلدىم. توي كۆچۈرۈشكە كىچىك ماشىنىدىن بىرنى تەستە تاپتۇق. تويغا كەلگەنلەرمۇ ساناقلىقلا

ئــــدى . « ئادەمــنىڭ ئالدى گۈل ، كەينى تىكەن » دېگەن گــەپ تــولــىـمـۇ جـايىدا ئېيتىلغان ئىكەن . يامانلاشقا توغرا كەلسە ھەر كىم ئۆزىدىن يامانلىسا بولىدۇ .

خـۇمـاخــان كـېـلــىـن بــولـۇپ كەلگەن بىر يىلدىن بـۇيـان ، ئانـامـنـىـڭ تـامـاق ئېـتـىـشـگە ۋە ئۆي ئىشلىرىغا يـاردەمـلـىـشـىـش ئۇيـاقتا تۇرسۇن ، كىرلەشكەن كىيىم - كـېـچـەكـلـىـرىـنـىـمۇ ئانامغا يۇغۇزۇپ ، ھەممەيلەننى بىزار قىلىۋەتتى . بۇ ھەقتە نەچچە قېتىم جاڭجاللاشقان بولسامۇ ، ئۆزدەكــكـە سـۇ يـۇقـمـىـغاندەك ھېچبىر نەتىجە چىقمىدى . ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ ئانام ماڭا :

— بـالام ، مـەن زارلانمىغاندىكىن ، ئايالىڭغا نېمىشقا قوپال تېگىسەن ؟ — دەپ كايىيتى .

ھاكــىملىقنى ئەمدى ئانام بىلەن ماڭا ئىشلىتىۋاتقان دادام بـولـسـا خـۇماخاننى كۆرسىلا ، قايناۋاتقان قازانغا مۇز سـالـغـانـدەك جـىـمـىـپ كېتەتتى ، ھەتتا بەزىدە خېلى تولۇق تـەگـسـىـمـۇ : « ۋاي بـالام ، خـاپـا بـولـمىسىلا » دەپ ئەپۇ سورايتتى .

بـىـر كـۈنـى ئـىـشـتـىـن كەلسەم خۇماخان ئانامنىڭ يـاقـىسىغا ئېسىلىپ تىللاۋېتىپتۇ . بۇ ھالنى كۆرۈپ ئەرۋاھىم قـىـرىق گەز ئۇچتى - دە ، جان - جەھلىمبىلەنۋارقىرىدىم:

— كـۆزۈمـدىـن يوقال ھازازۇل قېرى ! سەن بىلەن ئەتىلا ئاجرىشىمەن !

شۇ چاغدا دادام يان ئۆيدىن پايپاسلاپ چىقىپ :

— بـالام ، ھەرگــىـز ئاجـراشقۇچى بولما ، — دېدى ماڭا نەسىھەت قىلىپ ، — بەختلىك بول ، بەختلىك !

1995 - يىل ، ئاقسۇ

本集子是由作者一部分短篇小说编成的。

جاۋابكار مۇھەررىرى : تۇردى يامغۇر
جاۋابكار كوررېكتورى : ئابدۇقېيۇم ئەبەيدۇللا

# تاك خەۋەرچىسى

( ھېكايىلار )

ئاپتورى : تۇرسۇن زۇمۇدۇن

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ   پوچتا نومۇرى : 844000 )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1092×787م م 32 / 1
باسما تاۋىقى : 4.25  قىستۇرما ۋارىقى : 2
1998 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1998 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 5080 ــــ 1

---

ISBN7 — 5373 — 0659 — 1/ I . 181
باھاسى : 6.00 يۈەن

مۇقاۋا ۋە قىستۇرما رەسىملەرنى ئىشلىگۈچى : نۇرمۇھەممەت

ISBN 7-5373-0659-1

9 787537 306591 >

ISBN7 — 5373 — 0659 — 1

I. 181(民文) باھاسى : 6.00 يۈەن